


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

2013
8

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

# 农村科技

ISSN 1004-1095




ھالىدە تۇرسۇن فوتوسى


قەسر مېھمانسارىيى
قەسر مېھمانسارىيى، قەسر يېمەك-ئىچمەك
سارىيىنىڭ لىدىرى
ھاجى ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئەزىزانە قەشقەردىكى قەسر مېھمانسارىيى، قەسر يېمەك-ئىچمەك سارىيى
خېرىدارلارنى ئەلا مۇلازىمەت، ئازادە مۇھىت، ئۆزگىچە تائاملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ
ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

# يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

2013 - يىل 8 - سان

(ئومۇمىي 340 - سان)

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.


## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش


كۆزلۈك سەۋزىنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..........................ئايزىمگۈل يۈسۈپ (1)
كېۋەزنىڭ چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ....................نۇرىمانگۈل ئېزىز (2)
كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ....................روزىگۈل تۇردى قاتارلىقلار (4)
كۆزلۈك تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى .............................. شۆھرەت ئابدۇۋەلى (5)
كېۋەزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى پەرۋىشى .................................روزىخان نىياز (6)
قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار....رەخىپەم نۇرتاي (7)
كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى چاچقاندىن كېيىنكى پەرۋىشى ............... ئالتۇنگۈل سەمەت (8)


### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى


پارنىكتا قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ..................ئابدۇساتتار غەنى قاتارلىقلار (9)
پارنىك كۆكتاتلارغا ئىسسىقلىق بېرىشتىكى دورىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ......مەينىساخان ئوسمان (11)
پارنىك - يالتىراق كېمىرلەرنىڭ مۇھىت شارائىتىنى تەڭشەش ئۇسۇلى .... ماھنۇر تۇرسۇن (12)
پارنىكتا زىيانسىز كەرەپشە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار............ئايەتگۈل يۈسۈپ (13)
پارنىكتا شوخلا ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار............................ھەسەنجان تۇرسۇن (14)


### ئوغۇت تۇپراق


ئورگانىك ئوغۇتنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.........رابىيە ياسىن (15)
تۇپراقنىڭ خىمىيەلىك بۇلغىنىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .... ئەنۋەر تۇرسۇن قاتارلىقلار (17)
ئورىيانى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.............................روشەنگۈل ھاجى (18)
كېۋەزنى قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ........................................رۇقىيە ئابدۇكېرىم (19)
شورلۇق تۇپراقلارنى ئوغۇتلاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..............................غەيرەت شاكىر (20)


### باغۋەنچىلىك


ئالما دەرىخىنىڭ ھوسۇلسىز يىل شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى
..........................................................................ھۆسەنجان تىلىۋالدى (21)
چىلاننىڭ يازلىق پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..............................تۇرغۇن مەھەممەت (22)
چىلاننىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار.........................................ماھىرە ھېزىم (23)
مۇناقى ئۈزۈمنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشى ..............................................مەريەمگۈل يۈسۈپ (24)


### ئۆسۈملۈك ئاسراش


تاۋۇزنىڭ سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى .....جېلىل تۇرسۇننىياز (25)

مۇناقى ئۇزۇمنىڭ قىروسمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇ ـ
سۇلى ........................................................ خانقىز موللانىياز (26)
پارىنىك كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
........................................................ چىنتاشگۈل ئىبراھىم (28)
كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..................... قاھار خالىق (29)
زىرائەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .... ئابدۇقادىر ئېزىز (31)
شوخلا كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...............گۈلنەزەر مەمەت (33)
كۆممىقوناقتىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ......ئەلى مەتتۇرسۇن (34)
ئۆرۈكتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنۇېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ........گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت (35)
چىلان قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ........ھۆرىيەت مەمەت (36)
پارىنكتا ئۆستۈرۈلگەن مۇچتا كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئې ـ
لىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..............................ئابلەق مەخمۇت (37)
بەرەڭگىدىكى كېيىن يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش .....ئابدۇراخمان ئىدرىس (38)
كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ....گۈلغۇنچەم رېھىمجان (39)
كىشمىش ئۈزۈم سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
........................................ ئىسكەندەر يۈسۈپ قاتارلىقلار (40)
پارىنىك قوغۇنىدىكى بىنورمال ئالامەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى
........................................ ئالىم ھەبىبۇل قاتارلىقلار (41)
پارىنىك كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش
تەدبىرلىرى ........................................ پاتىمە توختىتۆمۈر (43)

## سۇچىلىق

سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى...مەمەتئېلى ئەمەت (45)
كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر
قاتارىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك .............................. خەمىتجان ئەسقەر (46)
بىتونلۇق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى .................. ئىلھام قاھار (48)
بۇلغىما سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى .......................... سەمىجان ئابلا (49)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

كەپتەردە كېسەللىك قوزغايدىغان مۇھىم ئامىللار ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش ........ئايشەمگۈل ئۇبۇل (52)
تۇخۇم تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان توخۇلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات قائىدىسى ......كەنجىگۈل ئەزىز (54)
بوغاز ساغلىقلاردىكى سۆڭەك يۇمشاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ..................ئىمىن غوجى (55)
ئىنەكلەرنىڭ قىسىر قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ..................كېرەم بارات (56)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(58)

## بىلىۋېلىڭ

بىر قېتىم ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.........ھەلىمە تۇرسۇن (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第8期
总340期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

秋黄萝卜栽培要点 …… 阿依则姆古丽·玉苏普(1)
棉花开花结铃期的管理 …… 努尔曼·艾则孜(2)
玉米苗期管理 …… 茹则古丽·图尔迪等(4)
秋西瓜栽培技术 …… 肖合来提·阿不都外力(5)
棉花后期管理 …… 茹则汗·尼亚则(6)
提高甜菜糖分要点 …… 热合拜阿依·努尔太(7)
棉花使用缩节安后期管理 …… 阿丽屯古丽·塞买提(8)

## 设施农业

温室西葫芦栽培方法 …… 阿布都沙塔尔·艾尼等(9)
温室蔬菜熏蒸剂使用方法 …… 麦尼萨汗·吾斯曼(11)
设施栽培环境条件调整方法 …… 玛依努尔·吐尔逊(12)
温室芹菜无公害栽培要点 …… 阿也提古丽·玉素莆(13)
温室西红柿栽培要点 …… 艾山江·吐逊(14)

## 土壤肥料

有机肥有点及使用注意事项 …… 热比艳·亚森(15)
土壤化学污染原因及防治措施 …… 艾尼瓦尔·吐尔逊等(17)
尿素使用注意事项 …… 茹先古丽·阿吉(18)
棉花追肥方法 …… 茹克亚·阿不都克力木(19)
盐碱地施肥要点 …… 艾热提·夏克尔(20)

## 园艺特产

苹果小年的防治 …… 玉山江·提力瓦地(21)
枣树夏季管理要点 …… 托尔洪·买买提(22)
枣树管理要点 …… 玛依热木·赫则木(23)
木纳格葡萄的秋季管理 …… 买热米古丽·玉苏普(24)

## 植物保护

温室西瓜枯萎病防治方法 …… 吉力力·吐松尼亚则(25)
木纳格葡萄霜霉病防治方法 …… 汗克孜·毛力尼亚孜(26)
温室蔬菜病害防治方法 …… 亲她西·依不拉音(28)
棉铃虫防治方法 …… 卡哈尔·哈力克(29)

农作物药害防治方法 …………………………… 阿不都喀迪尔·艾孜孜(31)
西红柿病害防治方法 ……………………………… 古力乃孜尔·买买提(33)
玉米常见虫害防治 ……………………………………… 艾力·买托送(34)
杏树虫害防治方法 ………………………… 古再努尔·阿卜杜瓦伊提(35)
枣树红蜘蛛防治方法 ………………………………… 吾热也提·买买提(36)
温室辣椒生理病害防治方法 ………………………… 阿不来克·马合木提(37)
马铃薯晚疫病防治 ………………………… 阿布都热合曼·依迪热斯(38)
玉米螟防治方法 …………………………………… 古丽温切·热合木江(39)
无核白葡萄黄化病防治方法 ………………………… 依斯砍旦尔·玉苏莆等(40)
温室甜瓜异常现象及防治方法 ………………………… 阿里木·海比布等(41)
温室蔬菜病虫害防治方法 ………………………… 帕太姆·托合提铁木尔(43)

## 农田水利

提高灌溉水的利用率方法 ………………………… 麦麦提艾力·艾麦提(45)
要抓紧做好防洪抗旱工作 …………………………………… 哈米提·塞米(46)
混泥土不渗水渠道修建简法 ……………………………… 依拉木·卡哈尔(48)
污水处理技术 ……………………………………………… 塞米浆·阿布拉(49)

## 畜牧兽医

引起鸽病的主要因素及控制 ………………………… 阿依谢姆古丽·吾布力(52)
坎鸡下蛋前日常操作规程 ……………………………… 坎吉古丽·阿则孜(54)
母羊孕期骨软症防治 ……………………………………………… 依明·胡吉(55)
奶牛不受孕防治方法 ………………………………………… 克热木·巴拉提(56)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ………………………………………………(58)

## 百科知识

使用一次性用品应注意要点 ……………………………… 艾力曼·吐尔逊(59)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00 元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮政代码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　号：103881000461 账号：004601040000839

# كۆزلۈك سەۋزىنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئايزىمگۈل يۈسۈپ
(ئونسۇ ناھىيە ئونسۇ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

كۆزلۈك سەۋزە ئەتىيازدا تېرىلىدىغان چىلگە سەۋزىگە قارىغاندا يورۇق-لۇق قوبۇل قىلىش ۋاقتى قىسقا، كېچىلىك تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە 7 ـ، 8 ـ ئايلاردىكى يۇل ـ يېغىننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى كۆچلۈك بولغاچقا، ئېتىز پەرۋىشىدە تۆۋەندىكى تەد-بىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1. سەۋزە مايسىسى تولۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال مايسا تاقلاش ۋە توپ ئارىلىقىنى 10 ـ 12 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا بەلگىلەش كېرەك.

2. ۋاقتىدا ئوتاپ، تۇپراقنى يۇمشىتىش، بولۇپمۇ سەۋزە ئېتىزىدا سېرىق يۇگەي ئۆسۈپ، يوپۇرماق ئۇستىنى قاپلىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3. سەۋزە تەخمىنەن 3 ـ 4 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا ھەر مو يەرگە 2 ـ 4 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت، 3 ـ 4 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇتنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك.

4. 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى سەۋزە تېرىلىپ 30 ـ35 كۈن بولغاندا 2 ـ قېتىم، ھەرمو يەرگە 3 ـ 5 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت، 5 ـ 7 كىلو-گىرام كالىيلىق ئوغۇتنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش ھەمدە تېرىشتىن بۇرۇن مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىشكە يار بەرمىگەن ئېتىزلاردىكى سەۋزە تۇ-پىنىڭ ئىككى تەرەپتىكى قۇر ئارىسىغا قوي قىيى، توخۇ، كەپتەر مايىقى ياكى تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا چېچىپ، ھەر قېتىملىق ئوتىنى ئوتاپ تۇۋىنى يۇمشىتىش جەريانىدا تۇپراققا ئارىلاشتۇرۇپ سۇغىرىش ئارقىلىق، سەۋزە مايسىسىنىڭ ئورگانىك ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. سەۋزە پۈتۈن ئۆسۈپ يې-تىلىش مەزگىلىدە كالىيغا ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئازوت، كالتسىي،

# كېۋەزنىڭ چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدىكى بېرۋىشى

نۇرىمانگۇل ئېزىز
(بۈگۈر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن 841600)

1. كېۋەزنىڭ چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلى بىر تەرەپتىن چېچەكلەپ بىر تەرەپتىن غوزىلايدىغان مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭغا 40 ـ 50 كۈن كېتىدۇ. بۇ مەزگىلدە كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزگەندىن كېيىن، تۈپ ئېگىزلىكىنى 60 ـ 80 سانتىمېتىردا كونترول قىلىپ، يەككە تۈپتە 9 ـ 11 تال غوزا شېخى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، كېۋەز قۇرىنىڭ يېپىلىش مەزگىلىنى كېچىكتۈرۈپ، ئېتىزنىڭ يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، تىمەن ئۆستۈرۈپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىش كېرەك.

2. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە سۇ، ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى كۆپىيىدىغان بولغاچقا، كۆپرەك ئوغۇتلاپ، سۇغىرىش كېرەك. ئادەتتە چۈنەكلەپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەزلىككە تۈنجى سۇيى قويۇلۇپ 15 ـ 20 كۈندىن

---

فوسفور ۋە ماگنىيغا ئەڭ كۆپ ئېھتىياج بولىدۇ. شۇڭا كۈزلۈك سەۋزىنى ئوغۇتلاشتا ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5. سەۋزىنىڭ ئەتلىك يىلتىزى چوڭىيىۋاتقان پەيتنى تاللاپ، ھەر مو يەرنى 3 ـ 5 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت، 5 ـ 7 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. سەۋزىنىڭ ئەتلىك يىلتىزى راسا چوڭىيىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىلدىمۇ 2 ـ قېتىملىق ئوغۇتلاشقا ئوخشاش مىقداردا ئوغۇتلاش كېرەك. كېيىنكى مەزگىلدە ئوغۇت بىلەن سۇ زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، سەۋزىنىڭ ئەتلىك يىلتىزى ئاسان يېرىلىدۇ ھەمدە قىشتا ساقلاشقا چىدامسىز بولۇپ قالىدۇ، ئادەتتە مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش، يەر توڭلاشتىن 10 ـ 15 كۈن بۇرۇن يىغىۋېلىش لازىم. (03)

كېيىن، چېچەكلەپ غوزىلاش سۈيى قويۇلىدۇ. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرنى 80 ـ 100 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىدىغان كېۋەزلەر ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم تېمىتىپ سۇغىرىش لازىم. ئوغۇتلاشتا سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرنى 10 كىلوگىرام ئورىيا ياكى 5 ـ 10 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

3. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە غوزا قۇرتى، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ۋە غوزا سېرىق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

4. بۇ مەزگىلدە بەك كۈچلۈك ئۆسۈپ كەتكەن، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن كېۋەزگە قارىتا سۇغىرىشنى تىزگىنلەپ، ئۆسۈشنى خىمىيەلىك تەڭشەش ۋە ئۇچىنى بالدۇرراق ئۈزۈش، ھارام شاخلىرىنى پۇتاش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىش كېرەك. مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ ھەر مو يەرنى 50 ـ 60 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىش كېرەك. ئۇچىنى ئۈزگەندە ئىككى تال يوپۇرماقنى قوشۇپ ئۈزۈش ياكى ئەڭ ئۈستۈنكى بىر تال بوغۇمنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

5. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە بالدۇر ئاجىزلىشىپ كەتكەن كېۋەزلەرگە قارىتا قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر مو يەرگە 100 ـ 200 گىرام ئورىيا ياكى كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)نى سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش كېرەك.

6. ئادەتتە كېۋەز تۈپىنىڭ ئېگىزلىكى 60 ـ 80 سانتىمېتىرغا يېتىپ، 8 ـ 10 تال غوزا شېخى شەكىللەنگەندە، ئۇچىنى ئۈزۈشنى توختىتىش لازىم. (03)

# كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

روزىگۈل تۇردى مەمەتجان ئېزىز
(خوتەن شەھەرلىك ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتىدىن 848000)

**1. مايسا تولۇقلاش:** ئادەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈنەلمىگەن، زىيانداش ھاشارات، چاشقان ھەم قۇشلار يەپ كەتكەن بولسا، مايسا شالاڭ بولىدۇ، ياكى مايسا كەم بولىدۇ. شۇڭا مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئېتىزلارنى تەكشۈرۈپ مايسا كەم ئورۇنلارغا ۋاقتىدا تولۇقلاش لازىم. مايسىنى تولۇقلاشتا مايسا كەم ئۇۋىدا نەملىك تولۇقلاپ، ئەسلىدە قايسى سورتنىڭ ئۇرۇقى تېرىلغان بولسا شۇ سورتنىڭ ئۇرۇقىنى تولۇقلاپ تېرىش ياكى مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش لازىم.

**2. مايسا بەلگىلەش:** ھەر ئۇۋىدا تىمەن ئۆسكەن بىر تۈپ مايسا قالدۇرۇش، مايسا كەم ئۇۋىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۇۋىدا قوش مايسا قالدۇرۇش كېرەك.

**3. ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** كۆممىقوناق مايىسى ئۈنۈپ چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھەر ئۇۋىدا ئىككى تۈپ مايسا قالدۇرۇپ، مايسا يېنىدىن 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۈنەك ئېچىپ ھەر مو يەرنى 10ـ 12 كىلوگىرام ئورىيا (尿素)، بەش كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، ۋاقتىدا سۇغىرىش لازىم. سۇغىرىپ 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن، تۇپراقنى يۇمشىتىپ ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، مايسىنىڭ يىلتىز بىلەن غول قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەپ، تىمەن ئۆسۈشىنى تېزلىتىش كېرەك. بۇ قېتىمقى پەرۋىش مايسىنى تىمەن ئۆستۈرۈپ، كۆك پىت قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ھەمدە كوممىقوناق مايىسىنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە كۆممىقوناق مايىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئورىيا بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىمىسا مايسا سارغىيىپ، يىلتىزى تەرەققىي قىلمايدۇ. غولى ئىنچىكە، يوپۇرماقلىرى شالاڭ بولۇپ، ئاسانلا مايسا نابۇت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر مودىكى ئاساسىي مايسا سانىنىڭ تولۇق بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىمقى ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق سۇغىرىش، تۇپراق سەل قۇرۇغاندىن كېيىن ئادەم كۈچى ئارقىلىق يۇمشىتىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىپ، مايسىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىنى تېزلىتىش كېرەك.(03)

# كۆزلۈك تاۋۇزنى بەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى

شۆھرەت ئابدۇۋەلى
(غۇلجا ناھىيە پەنجىم يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 835100)

**1. ئوغۇتلاش:** ئوغۇتلاش تاۋۇزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى, چوڭ ـ كىچىك ـ لىكى، تەمى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىقلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەر مو يەرنى 2000 ـ 3000 كىلوگىرام چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

**2. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** تاۋۇز چېچەكلەشتىن بۇرۇن ھەر مو يەرنى 20 كىلوگىرام كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، بەش كىلوگىرام ئورىيا (尿素) بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

**3. پىلەك رەتلەش:** قوش پىلەك ياكى ئۈچ پىلەك قالدۇرۇلىدۇ. يەنى ئاساسىي پىلەك ۋە ئاساسىي پىلەكتىن چىققان يان پىلەك قالدۇرۇلۇپ رەت ـ لىنىپ، قالغانلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ.

**4. سۇغىرىش:** ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا 4 ـ 5 قېتىم سۇغىرىلىدۇ. يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ساقلاشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، تاۋۇزنى ئۈزۈشتىن 10 ـ 15 كۈن بۇرۇن سۇينى توختىتىش كېرەك.

**5. يىغىش:** تاۋۇز بەك بالدۇر يىغىۋېلىنسا سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. بەك كېيىن يىغىۋېلىنسا ساقلاپ توشۇشقا ئەپسىز بولىدۇ. شۇڭا تاۋۇزنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، سىرتقا توشۇلىدىغان تاۋۇزنىڭ پىششىش نىسبىتى 80% كە يەتكەندە ئۈزۈش لازىم. (02)

# كېۋەزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى بەرۋىشى

روزىخان نىياز
(لوپنۇر ناھىيە تارىم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841500)

1. كېۋەز تۆپىنى تىمەن ئۆستۈرۈپ ئۈستى قىسمىدا غوزا تۈتۈشنى چىڭ تۇتۇش، غوزا ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛

2. 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چوڭ غۇنچىلارنى ئۈلچەم قىلىپ، ئۈنۈمسىز غۇنچىلارنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئېلىۋېتىپ، كېۋەزلىكتە ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى غوزىنىڭ ئۆسۈشىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇققا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛

3. كېۋەز غوللىرىنى قايرىپ قۇر ئارىسىنى ئېچىش، بوك باراقسان ئۆسكەن كېۋەزلىكلەردە ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قۇرلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ غولىنى قايرىپ، ئېچىش ئارقىلىق كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، غوزىنىڭ سېسىپ كېتىشىنى ئازايتىش كېرەك؛

4. يوپۇرماق سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرى 1 ـ 2 قېتىم يوپۇرماق سىرتىدىن كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ۋە ئورىيا (尿素) نى ئاساس قىلىپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك؛

5. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سۇغىرىش توختىتىلىدۇ. لېكىن ئۆسۈشى ئاجىز، بالدۇر زەئىپلەشكەن كېۋەزلىكلەردە 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرى سۇغىرىشنى توختاتسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (02)

# قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار

رەخىپەم نۇرتاي
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 835100)

**1. كونترول قىلىشقا بولمايدىغان ئامىللار:** (1) 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولغاچقا، قىزىلچا يوپۇرماقلىرى ئىشلەپچىقارغان فوتوسىنتېز مەھسۇلاتلىرى يوپۇرماق ۋە تۈگۈنەك يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشىگە سەرپ قىلىنىپ، قەنت ماددىسىنىڭ توپلىنىشى مۇناسىپ ھالدا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. (2) كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، قىزىلچىنىڭ فوتوسىنتېز مەھسۇلاتى شۇنچە كۆپىيىپ، يىلتىزىغا توپلىنىدىغان قەنت تەركىبى يۇقىرىلايدۇ. (3) قىزىلچا قەنت ماددىسىنىڭ ئەڭ كۆپ توپلىنىش مەزگىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە توپلانغان قەنت ماددىسى ئومۇمىي قەنت تەركىبىنىڭ 90.2% نى تەشكىل قىلىدۇ. قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى بولغان يىللاردا، كۈندىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، قىزىلچا تۈپلىرىدە سەرپ بولىدىغان ماددا مىقدارى ئازىيىپ، تۈگۈنەك يىلتىزىنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى بولىدۇ.

**2. كونترول قىلىشقا بولىدىغان ئامىللار:** (1) تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش، ئۆستۈرۈش زىچلىقى، ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى قاتارلىقلار قىزىلچا قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشنىڭ قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبىگە بولغان تەسىرى چوڭ بولۇپ، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 15% تىن ئەتراپىدا تىزگىنلەپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش لازىم. (2) قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئومۇمىي تېرىلغۇ بەك شالاڭ تېرىلسا، يەككە تۈگۈنەك يىلتىزلار چوڭىيىپ قەنت تەركىبى تۆۋەنلەيدۇ. بەك زىچ تېرىلسىمۇ، قىزىلچا تۈپلىرى تۇپراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمەسلىك، ھاۋادىن پايدىلىنىش شارائىتى ناچارلاش قاتارلىقلار بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ھەر مو يەردە 5000 ـ 6000 تۈپ قىزىلچا قالدۇرۇلسا، قىزىلچىنىڭ قەنت مىقدارى ۋە مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ. (3) ئوغۇتلاش قىزىلچىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك تەلىپى بويىچە ئوغۇتلانمىسا ياكى تولۇق ئوغۇتلانغان بولسىمۇ، ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىش نىسبىتى توغرا بولمىسا، قىزىلچا مەھسۇلاتى ۋە قەنت تەركىبىگە ئوخشاشلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. (4) سورت ئالاھىدىلىكى: يۇقىرى قەنت تەركىبلىك تىپتىكى سورتلارنىڭ قەنت تەركىبى، مول ھوسۇللۇق تۆۋەن قەنت تەركىبلىك سورتلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشتا يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى قەنتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. (5) مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ يىغىۋېلىش: كېچە ـ كۈندۈز تېمپېراتۇرىنىڭ پەرقى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (03)

# كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى چاچقاندىن كېيىنكى پەرۋىشى

ئالتۇنگۈل سەمەت
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش مەركىزىدىن 841000)

بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) نى ئىشلىتىش جەريانىدا دورا مىقدارىنى خاتا مۆلچەرلەش ھەم كېۋەزنىڭ پەرۋىشىگە سەل قاراش تۈپەيلىدىن، دورا ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

1. بوغۇم قىسقارتىش دورىسى پۈركۈلگەندىن كېيىن كېۋەز ئېتىزىنى مايسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، 2 ـ 4 كۈنگىچە سۇغارماسلىق لازىم. لېكىن تېرىلغۇ قەۋىتى نېپىز، قۇمساڭ ياكى يېڭىدىن ئېچىلغان يەرگە نىسبەتەن دورا چېچىپ ئىككىنچى كۈنى سۇغىرىش لازىم.

2. كېۋەز تۈپلىرىنى تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە تەكشى تىزگىنلەپ، غوزا شاخلىرىنى ھەم غوزا سانىنى كۆپەيتىش لازىم. كېۋەز تۈپلىرىنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى 3 ـ 5 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى 4 ـ 6 سانتىمېتىر، تۈپ ئېگىزلىكى چىلگە سورتلارنىڭ 70 ـ 75 سانتىمېتىر، ئارا پىشار سورتلارنىڭ 60 ـ 65 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، كېۋەز تۈپلىرىنىڭ دەسلەپكى غۇنچىلاش مەزگىلىدە 1 ـ 1.5 گىرام، غۇنچىلاشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە 2 ـ 3 گىرام ئىشلىتىش، تۈنجى سۈيىگە بىرلەشتۈرۈپ 10 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇتنى قوللاپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۆسۈشىنى يەنىلا كونترول قىلغىلى بولمىسا تۈنجى سۈيىنى قويۇپ 6 ـ 7 كۈن ئىچىدە ئۈچ گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى ئىشلىتىش لازىم.

3. بوغۇم قىسقارتىش دورىسى كېۋەز تۈپلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلىگەن بىلەن، ھارام شاخ ۋە ئۈنۈمسىز يوپۇرماقلارنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىزمەتنى كېۋەزنىڭ تۈنجى سۈيىنى قويۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم.

4. بەزىلەر كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چاچقاندا ئۈچىنى ئۈزمىسەكمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى كېۋەز تۈپلىرىنىڭ بوغۇم ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، ئۆسۈشىگە تەسىر قىلمايدۇ. تەسىر قىلغان تەقدىردىمۇ ئۈچى غۇژمەكلىشىپ، غوزىلاش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ. كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىش بىلەن بىرگە ۋاقتىدا ئۈچىنى ئۈزۈشكە دىققەت قىلغاندا غوزا تۇتۇش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (02)

# پارنىكتا قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئابدۇساتتار غەنى   زۇلپىيە ئابابەكرى
(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 835000)

**1. سورت تاللاش:** قورۇما كاۋىسىنى ئۆستۈرۈش — يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق پەسىلگە توغرا كەلگەچكە، ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ زىيىنىغا ئاسانلا ئۇچرايدۇ. شۇڭا ۋىرۇس كېسەللىكىگە چىدامىلىق چىلگە، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ناچار شارائىتقا چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك.

**2. مايسا ئۆستۈرۈش:** (1) قورۇما كاۋىسىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدامچانلىقى ئاجىز بولۇپ، 28℃ تىن ئېشىپ كەتسە ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ۋىرۇس كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا قورۇما كاۋا مايسىسىنى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ (2) تۆت ئۈلۈش تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت، ئالتە ئۈلۈش مىكروبسىز توپا، 0.4% فوسفورلۇق ئوغۇت، 0.04% باۋىستىن (多菌灵) قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، 7 - 10 كۈن دۆملىگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق قاچىسىغا قاچىلاپ ئوزۇقلۇق توپا تەييارلىنىدۇ؛ (3) ئۇرۇقنى ئۇرۇق مىقدارىنىڭ بەش ھەسسىسىچىلىك 38℃ لۇق سۇغا ئالتە سائەت چىلاپ، ئۇرۇق سۇنى 95% سۈمۈرگەندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، نەم لۆڭگىگە ئوراپ بىخلاندۇرۇش لازىم. بىخلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى 25℃ - 30℃ بولۇپ، ئۇرۇقتا تەكشى بىخلاندۇرۇش ئۈچۈن تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 30℃، كېچىسى 25℃ قىلىپ تەڭشەش. ئۇرۇقنى كۈندە 1 - 2 قېتىم ئارىلاشتۇرۇش كېرەك؛ (4) ئوزۇقلۇق قاچىسىدىكى توپىنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، سۇ سىڭىپ بولغاندىن كېيىن 500 ھەسسىلىك باۋىستىن سۇيۇقلۇقىنى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىشى كېرەك. بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇقنىڭ بىخىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تېرىپ، ئۈستىنى ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا نەم توپا بىلەن كۆمۈپ، يالتىراق يوپۇق يېپىپ نەملىكنى ساقلىغاندا ئۇرۇق 3 - 4 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ؛ (5) قورۇما كاۋىسى ئۈنۈش مەزگىلىدە سايە چۈشۈرۈش تورىنى كۈندۈزى يېپىپ كەچتە ئېلىۋېتىش، پارنىك يالتىراقىنى يامغۇر ياغقاندا يېپىپ باشقا ۋاقىتلاردا ئېچىۋېتىش كېرەك؛ (6) قورۇما كاۋىسى مايسا مەزگىلىدە رۇيدو مېڭشىن (瑞毒锰锌) ياكى شىشيەنمالىن (烯酰马啉) قاتارلىق دورىلارنى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 - 3 نۆۋەت يوپۇرماققا چېچىش لازىم.

**3. مايسا كۆچۈرۈش:** مايسا 9 - ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى كۆچۈرۈلسە مۇۋا-

پىق، ئادەتتە مايسا كۆچۈرۈشتىن 10 كۈن بۇرۇن، ھەر مو يەگە ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتتىن 4 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام بېرىپ يەرنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش، يەر قۇرغاق بولسا سۇغىرىش لازىم. يەر تەييارلاشتا كەڭ قۇرنى 80 سانتىمېتىر، تار قۇرنى 60 سانتىمېتىر قىلىپ 7 ـ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئېچىپ، چۆنەك ئىچىگە ھەر موغا يەتتە كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىپ، يالتىراق يوپۇق يېپىپ، ئاندىن تۈپ ئارىلىقىنى 40 گىرام سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەرگە 2500 تۈپ مايسا كۆچۈرۈش لازىم. مايسىنى يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلىپ تىكىش لازىم. شۇنىڭدەك ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ياكى ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى مايسىنى كۆچۈرۈپلا دەرھال سۇغىرىش لازىم.

**4. پەرۋىش:** مايسا كۆچۈرۈلۈپ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ تۇپراقنى بوشىتىپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش لازىم، قورۇما كاۋىسىنى ئۆستۈرگەندە سىرتنىڭ ئۆدا ئۈچ كۈنلۈك تېمپېراتۇرىسى 6℃ تىن تۆۋەن بولغاندا پارنىك يالتىراقسىنى يېپىپ، ئالدىنقى مەزگىلدە كېچە ـ كۈندۈز ھاۋا ئالماشتۇرۇپ سوغۇق چۈشكەندە ھىم ئېتىش لازىم. كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 28℃، كېچىسى 10℃ ـ 13℃ بولسا، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى كۈندۈزى 13℃ ـ 18℃، كېچىسى 6℃ ـ 8℃ بولسا مۇۋاپىق. قورۇما كاۋىسى پارنىك نەملىكىنىڭ 75% ئەتراپىدا بولۇشىنى، تۇپراق نەملىكىنىڭ 20% ئەتراپىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇپراق قۇرغاق، ھاۋا نەملىكى بەك تۆۋەن بولسا مېۋىنىڭ تەمى ئاچچىق بولىدۇ، تۇپراق نەملىكى ئېشىپ ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى ناچار بولسا يىلتىز چىرىش كۆرۈلىدۇ، ھاۋا نەملىكى يۇقىرى بولسا يۇقۇملىنىش كېسەللىكى ۋە كۆلرەڭ پاختىلىنىش كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 25℃ لۇق شارائىتتا يوپۇرماق سەل سولاشقان بولسا بۇ ئۇسسىغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق مەزگىللەردە چۈشتە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مەزگىللەردە كەچقۇرۇن سۇغىرىش كېرەك.

**5. ئوغۇتلاش:** قورۇما كاۋىسىغا قوشۇمچە ئوغۇت بېرىشتە ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك. دەسلەپتە 3 ـ 4 تال مېۋە چۈشكەندىن كېيىن بىر قېتىم ھەر مو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورىيانى سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، كېيىن ھەر ئىككى دانە مېۋە چۈشكەندىن كېيىن، بىر قېتىم ھەر قېتىمدا 20 كىلوگىرام ئورىيا بېرىش كېرەك. ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللەردە فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. ئوغۇتنى چوقۇم سۇدا ئېقىتىپ بېرىش، ئوغۇت بەرگەندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.(03)

# پارنىك كۆكتاتلارغا ئىسسىتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

مەينىساخان ئوسمان
(يەكەن ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844700)

1. پارنىكتىكى كۆكتاتلارنى ئىسسىتقۇچى دورىلار بىلەن گۈگۈم چۈشكەندە ئىسسىتسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

2. ئىسسىتقۇچى دورىلار بىلەن تولۇق بىر تەرەپ قىلىنغان پاختا سىم بىلەن باغلىنىپ، پارنىكتىكى بەلگىلەنگەن نۇقتىلارغا يەر يۈزىدىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە بېكىتىپ ئىسلاش لازىم ھەمدە ئۇچكى قىسمىدا ئوت يالقۇنى بولماسلىقى ھەم ئىس ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرۇش كېرەك. ئاندىن پارنىكتىكى ئىشىك ـ دېرىزىلەر چىڭ ئېتىلىپ، 2 ـ كۈنى سەھەردە پارنىكنىڭ ھاۋاسى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن باشقا ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر كۈندۈزى ئىسسىتقاندا پارنىكنى ئالتە سائەت دۈملىگەندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇپ مەشغۇلات قىلىشقا بولىدۇ.

3. ئىسسىتقۇچى دورىلارنى ھەر قېتىمدا 300 ـ 400 گىرامدىن ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

4. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كېسەل پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، ھەر 5 ـ 7 كۈنگىچە بىر قېتىمدىن، جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم دورا ئىشلىتىش كېرەك. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھاشارات بار تۈپ سانى 30% ئەتراپىدا بولسا ئۇدا ئىككى قېتىم دورا ئىشلىتىش، ھەر قېتىملىق دورا ئىشلىتىش ئارىلىقى 1 ـ 2 كۈن بولۇشى كېرەك.

5. پىلەكلىك ۋە مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىدىغان كۆكتات تۈرىدىكىلەردە زەمبۇرۇغ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەردىن تىك تۇرۇپ قۇرۇش كېسىلى، كۆيدۈرگە كېسىلى، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسىلى، يېتىپ كېتىش كېسىلى، قۇرۇش كېسىلى، يىلتىز چىرىش كېسىلى، كۈلرەڭ پاختىلىنىش كېسىلى بار، ئۇلارغا 45% لىك داكونىل (百菌清) ياكى 15% لىك كېجۈنلىڭ ئىسسىتقۇچى دورىلارنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ كۆكپىت، قىزىل ئۆمۈچۈك، ئاق توزان پىتى، كۆكتات بۈرگۈسى، كۆكتات يېشىل قۇرتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارغا قارىتا دوچوكچىڭ ياكى د د ۋ دىن ياسالغان ئىسسىتقۇچى دورىلارنى تاللاپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

# پارنىك - يالتىراق كېمىرلەرنىڭ مۇھىت شارائىتىنى تەڭشەش ئۇسۇلى

ماھىنۇر تۇرسۇن
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش:** ① يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش: پارنىك - يالتىراق كېمىردە ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتات، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمىغاچقا، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش ئۇسۇلىدىمۇ پەرق بولىدۇ. يازدا پارنىك - يالتىراق كېمىر تېمپېراتۇرىسى 30℃ - 35℃ تىن يۇقىرىلاپ كەتسە، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ۋە ھەر خىل سورتلارنىڭ تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن پارنىك - يالتىراق كېمىر تېمپېراتۇرىسى 30℃ قا يەتكەندە ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىتىلىدۇ، تېمپېراتۇرا 26℃ قا چۈشكەندە دەرھال ھاۋا ئالماشتۇرۇش توختىتىلىدۇ. يازدا پارنىك - يالتىراق كېمىرلەرگە سايە چۈشۈرىدىغان تور يېپىش ئارقىلىق، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ② تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش: پارنىك - يالتىراق كېمىردە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىداملىقى ئوخشاش بولمايدۇ. پارنىك - يالتىراق كېمىرنىڭ يوچۇقلىرىنى مەھكەم ئېتىش، ئىسسىتىش ۋە ئىسسىقلىق ساقلاش تەسبىرلىرىنى قوللىنىش، يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ، ئادەتتە پارنىك - يالتىراق كېمىر تېمپېراتۇرىسى 20℃ - 21℃ قا چۈشكەندە ئىسسىقلىق ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تېمپېتۇرسىنى يۇقىرىلىتىپ، يېرىم كېچىدە 16℃ تىن، ئەتىگەندە 12℃ تىن تۆۋەن بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**2. يورۇقلۇقنى تەڭشەش:** ھاۋا ئۇدا تۇتۇلۇپ، يامغۇر كۆپ ياغقان كۈنلەردە، بولۇپمۇ قىشتا قار ياغقان كۈنلەردە پارنىك - يالتىراق كېمىرگە مۇۋاپىق يورۇقلۇق چۈشۈرۈپ، ئۆسۈملۈكنىڭ يورۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. پارنىك ئارقا تېمىنى ھاك بىلەن ئاقارتىش، ئارقا تامغا قوغۇشۇن يالىتىلغان نۇر قايتۇرغۇچى پەردە ئېسىش، يالتىراق يوپۇق يۈزىنى ۋاقتىدا تازىلاش، سۇغارغاندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، يالتىراق يوپۇق يۈزىدىكى تۇمان ۋە سۇ تامچىلىرىنى ئازايتىش، پارنىك يوتقىنى مۇۋاپىق بالدۇر ئېچىپ، كېچىكتۈرۈپ يېپىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

**3. نەملىكنى تەڭشەش:** پارنىك - يالتىراق كېمىردە تۇپراق نەملىكىنى تەڭشەشتە سۇغارغاندىن كېيىن ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىش، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى

(ئاخىرى 16 - بەتتە)

# پارنىكتا زىيانسىز كەرەپشە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئايەتگۈل يۈسۈپ
(قۇمۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)

**1. سورت تاللاش:** كېسەللىككە، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. تېرىش:** كۈزدە 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى مايسىنى كۆچۈرۈپ تىكىپ، 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرى ھوسۇلنى يىغىۋالسا بولىدۇ. قىشلىق تېرىشتا 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە تېرىپ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرى مايسا كۆچۈرۈپ، كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى ھوسۇلنى يىغىۋالسا بولىدۇ. ئادەتتە قۇر ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر قىلىپ، ئېرىق ئېچىپ، ئېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەرگە 200 گىرام كەرەپشە ئۇرۇقى تېرىسا بولىدۇ.

**3. پەرۋىش:** پارنىكقا كۈن توسۇش تورى يېپىپ، مايسا ئۈنگەندە پارنىكنىڭ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ ـ 22℃، كەچلىك تېمپېراتۇرىسىنى 13℃ ـ 18℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك. مايسا ئۈنۈشتىن بۇرۇن قاندۇرۇپ سۇغىرىش، مايسا ئۈنگەندىن كېيىن سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، ھەر مو يەرگە 5 ـ 8 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) نى ئېقىتىپ بېرىش، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4. مايسا كۆچۈرۈش:** ئوغۇتلاپ تەييارلانغان يەرگە تۈپ. قۇر ئارىلىقىنى 8×20 سانتىمېتىر قىلىپ، كەرەپشە مايسا يوپۇرمىقىنى كۆمۈۋەتمەي تىكىپ، دەرھال سۇغىرىش كېرەك. مايسا تىكىلىپ تۈپ ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر بولغاندا ھەر مو يەرگە 5 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا چېچىپ 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، ھاۋا ئەھۋالىغا قاراپ ئوغۇتلاش بىلەن سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى ئازايتىش بىلەن بىرگە تېمپېراتۇرا، نەملىكنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# پارنىكتا شوخلا ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ھۇسەنجان تۇرسۇن
(قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844000)

**1. مايسا يېتىشتۈرۈش:** (1) پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سوغۇققا چىداملىق، ئاجىز يورۇقلۇققا چىداملىق، كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم؛ (2) ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن 50℃ لۇق سۇغا 7 ـ 8 سائەت چىلاپ ئاندىن بىخلاندۇرۇش لازىم؛ (3) ئالتە ئۈلۈش مۇنبەت توپىغا تۆت ئۈلۈش قوتان قىغى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۇب مېتىر توپىغا يەنە 1.5 كىلوگىرام ئوت ـ چۆپ كۈلى، 0.5 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. (4) ئالدى بىلەن مايسىزارلىقنى يەڭگىل سۇغىرىش، ياخشى بىخلانغان ئۇرۇقنى تاللاپ تېرىش، تېرىش مىقدارى ھەر كىۋادرات مېتىرغا 10 گىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كۈز، قىشلىق ئۆستۈرۈشتە 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرى، قىش، ئەتىيازلىق ئۆستۈرۈشتە 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى تېرىلسا مۇۋاپىق. (5) مايسا 2 ـ 3 تال يوپۇرماق چىقىرىپ تەكشىلەنگەندىن كېيىن، ئوزۇقلۇق خالتىسىغا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك. يەنى يەتتە ئۈلۈش مۇنبەت توپىغا ئۈچ ئۈلۈش چىرىگەن قوتان قىغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۇب مېتىرغا 1.5 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات، ئىككى كىلوگىرام ئوت ـ چۆپ كۈلى، 0.5 كىلوگىرام باۋىستىننى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش لازىم. (6) مايسىزارلىق تۇپرىقى بەك قۇرۇپ كەتمەسلىكى ھەم نەملىكى ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ۋىرۇس ـ A غا، پېندېلى (喷得利) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش ئارقىلىق، كېسەللىك ۋىرۇسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**2. ئۆستۈرۈش زىچلىقى:** چوڭلۇقى 50 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقى 80 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 30 سانتىمېتىر بولغاندا ھەر مو يەردە 3500 تۈپ مايسا كۆچۈرسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

**3. پەرۋىشى:** (1) كۈندۈزلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4℃ ـ 16℃ بولغاندا، يالتىراق يوپۇق يېپىش، كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىنىڭ 25℃ ـ 27℃ بولۇشىغا، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى پارنىك يوتقىنىنى يېپىپ تېمپېراتۇرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (2) يەر قۇرۇمىغىچە سۇغارماسلىق، بىرىنچى گۈل رېتىنىڭ مېۋىسى تۇخۇمچىلىك بولغاندا بىد-

# ئورگانىك ئوغۇتنىڭ رولى ۋە ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

رابىيە ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

ئاساسلىق رولى: (1) كېلىش مەنبەسى كەڭ، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ،
چىقىمنى تېجەيدۇ. (2) ئورگانىك ئوغۇتلارنىڭ ئۈزۈلۈش تەركىبى تولۇق،
ئۈنۈمى مۇقىم بولۇپ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى-
نى ياخشىلاپ، تۇپراقنىڭ ئوغۇت ساقلاش، ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئىق-
تىدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ (3) ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئورگا-
نىك ماددا بولغاچقا، تۇپراقنىڭ دانچە قۇرۇلمىسىنى ئاشۇرۇپ، تۇپراق تەر-
كىبىدە يېتىشمىگەن ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئېلې-
مېنتنى تولۇقلاپلا قالماستىن، يەنە ھەر خىل ئوتتۇراھال تەركىبلىك ئو-
غۇت ۋە مىكرو ئېلېمېنتلارنى تولۇقلايدۇ. (4) تۇپراقنى يۇمشىتىپ،
تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. (5)
ئورگانىك ئوغۇتقا خىمىيەلىك ئوغۇتنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن-
دە، خىمىيەلىك ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 5% ـ 10% گىچە يۇقىرى
كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (6) تۇپراقنى يېتەرلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئو-

---

رىنچى قېتىملىق ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ سۇغىرىش كېرەك. ھەر مو
يەرگە چىرىگەن گەندە ـ سۈيدۈك ئارىلاشمىسىدىن 10 كىلوگىرام بېرىش،
ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ ئوخشاش مەشغۇلات قىلىپ، 12 ـ ئايدا
سۇغارماسلىق كېرەك. (3) شوخلا چېچەكلەشتىن كېيىن ھەسەل ھەرىسى
ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش كېرەك. (4) ھەر شاختا 3 ـ 4 تال مېۋە قالدۇرۇش
كېرەك. (5) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش-
تا بىيولوگىيەلىك ۋە فىزىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك، مەركىزى
كېسەللەنگەن تۇپكە 72% لىك كىلو (克露) ئېرىشچان پاراشوكىنى 500
ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 72% لىك پېرىۋىكۇر (普力克) نى 800 ھەسسە پۈر-
كۈش، 50% نوڭلېلىڭ (农利灵) نى 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈن-
دە بىر قېتىم پۈركۈش كېرەك. كۆكپىت ۋە ئاق توزاڭ پىتىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىغا ئىنچىكە تور ياكى سې-
رىق تاختايغا ئاپتول سۈركەپ بېكىتىش ھەم 10% لىك ئىمىداكلورد(吡虫啉)
نى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. (03)

غۇتلىغاندا، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى نامۇۋا-
پىق ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان زىياندىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:** ① ئورگانىك ئوغۇت
ئىشلەتكەندە، ئوغۇتنى تۇپراققا تەكشى چېچىپ، يەرنى مۇۋاپىق چوڭقۇر
ئاغدۇرۇش؛ ② ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەتكەندە، ئوغۇتنىڭ تولۇق چىرىگەن
بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چۈنكى تولۇق چىرىمىگەن ئوغۇتنى
ئىشلەتكەندە، تۇپراقتا زەھەرلىك گاز ۋە زىيانداش ھاشارات پەيدا بولۇشقا
سەۋەبچى بولىدۇ؛ ③ ئورگانىك ئوغۇتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىش-
لىتىش كېرەك. يەنى تەسكەي ئېتىزلارغا قارىتا، قوي، ئېشەك، ئات قىغى
قاتارلىق ئىسسىق خاراكتېرلىك قىغلارنى ئىشلىتىش، كۈنگەي ئېتىزلارغا
قارىتا، كالا قىغى قاتارلىق سوغۇق خاراكتېرلىك قىغلارنى ئىشلىتىش
كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇپراقنىڭ ئۈ-
نۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ④ ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەتكەندە، زىرا-
ئەت تۈرى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە تۇپراق شارائىتىغا ئاساسەن، ئوغۇت
مىقدارىنى مۇۋاپىق بەلگىلىگەندە، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئاشۇرۇشقا كاپالەت-
لىك قىلغىلى بولىدۇ. (05)

---

(بېشى 12 ـ بەتتە)

سۇغىرىش، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى سۇغارماسلىق، چۈشتىن بۇرۇن سۇغىرىش، چۈشتىن
كېيىن سۇغارماسلىق، يېنىك سۇغىرىش، باستۇرۇپ سۇغارماسلىق، يالتىراق يوپۇق
ئاستىدىن چۆنەكلەپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش
لازىم. ھاۋا نەملىكىنى تەڭشەشتە ئۆسۈرۈش زىچلىقىنى تەڭشەش، مۇۋاپىق چاتاش، مۇۋا-
پىق ھاۋا ئالماشتۇرۇش، يالتىراق يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللى-
نىش كېرەك.

**4. كاربون تۆت ئوكسىد قويۇقلۇقىنى تەڭشەش:** پارنىك ـ يالتىراق كېمىر-
دە كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇقلۇقى، يورۇقلۇققا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كۈن چىق-
قاندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۆسۈملۈكلەر كاربون تۆت ئوكسىدنى
كۆپ مىقداردا شۈمۈرۈپ، بىر سائەت ئىچىدە پارنىك ـ يالتىراق كېمىردىكى كاربون
تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇقلۇقى 100ppm غا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئەتىگەن سائەت 10
لاردا پارنىك ـ يالتىراق كېمىرگە ھاۋا ئالماشتۇرسا كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇق-
لۇقىنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆسۈملۈكنىڭ كاربون تۆت ئوكسىدقا بولغان تە-
لىپىنى قاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (03)

# تۇپراقنىڭ شېغىللىك بولغىنىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ئەنۋەر تۇرسۇن
(باي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 832300)
ياقۇپ ئىمىر
(باي ناھىيەلىك يېزا ـ ئىگىلىك مۇھىت پونكىتىدىن 832300)

**بۇلغىنىش سەۋەبى:** (1) ئازوتلۇق ئوغۇتلار تۇپراققا بېرىلگەندىن كېيىن بىر قىسمى ئىيون ھالەتتە زىرائەت تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈپ پارچىلانسا، يەنە بىر قىسمى تۇپراق دانچىلىرىدا ساقلىنىپ زىرائەتنى سۇغارغاندىن كېيىن يەر ئاستى كىسلاتا قالدۇق ئىيوننى كۆپەيتىدۇ. بۇ ئازوت ئېلېمېنتىنىڭ غەيرىي مەنبەلىك بۇلغىنىشىغا تەۋە بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىدىكى كىسلاتا تۇزى بىلەن بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (2) ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا يالتىراق يوپۇق ياپقان زىرائەتلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىشتىن ئىلگىرى ۋە يىغىۋالغاندىن كېيىن، يالتىراق يوپۇق قالدۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يىلمۇ يىل ياخشى ئىشلەنمىگەچكە تۇپراقتىكى بۇلغانمىلار كۆپىيىپ تۇپراقنىڭ داندارلىق قۇرۇلمىسىغا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. (3) زىرائەت ۋە مۇھىتقا تەسىرى زور بولغان يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى دورىلارنى ئىشلىتىش سەۋەبىدىن، زەھەر قالدۇقلىرى تۇپراق ئارقىلىق كۆكتات، مېۋە ۋە يېمەكلىك تەركىبىدە ساقلىنىپ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) ئىلمىي ئوغۇتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىش، ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) يەردىن پايدىلىنىش بىلەن تۇپراقنى بېقىشنى بىرلەشتۈرۈش، يەنى ئاشلىق زىرائەتلىرىگە يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، مۇۋاپىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ تېرىش، شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە تومۇزدا ئېگىز ئاغدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك؛ (3) زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاشتىن ئىلگىرى ۋە مەھسۇلاتنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئېتىزدىكى يالتىراق يوپۇق قالدۇقلىرىنى پاكىز يىغىپ، كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئورىيانى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

روشەنگۈل ھاجى
(قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك تەرەققىيات مەركىزىدىن 834100)

1. ئورىيانى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ئورىيانى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلغاندا ئاساسلىقى ئۇرۇقنىڭ ئاقسىل قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ، ئۇزۇقنى زەھەرلەيدۇ.

2. ياز ۋە كۈز كۈنلىرى ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاپ مۇۋاپىق كۆمۈپ، 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن سۇغىرىش، قىشتا 7 ـ 8 كۈندىن كېيىن سۇغىرىش كېرەك. ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن زىرائەتلەر كولتىۋاتسىيە قىلىنسا، ئوغۇت ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، مېۋىلىك دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاشقا بولمايدۇ.

3. ئادەتتە ئورىيا ئوغۇتىنى مۇۋاپىق چوڭقۇر ئوغۇتلىغاندا، ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. قوشۇمچە ئوغۇت قىلغاندا، مايسىنىڭ ئىككى تەرىپى ياكى بىر يېنىغا 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئوغۇت بېرىش كېرەك.

4. ئادەتتە مېۋىلىك دەرەخ ياكى زىرائەت بولسۇن، ئورىيانى كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بولمىسا ئوغۇت ئىسراپ بولۇپلا قالماستىن، ھەر خىل بۇلغىنىش ۋە كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

5. ئورىيا ئوغۇتىنى يۇقىرى قويۇقلۇقتا تەييارلاپ ئۆسۈملۈكلەرگە ئىشلىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بولمىسا يوپۇرمىقىنى كۆيدۈرۈپ، توپىنى نابۇت قىلىدۇ.

6. ئورىيا ئوغۇتىنى ئامال بار ۋاقتىدا، تېخىنىكا تەلەپ بويىچە بېرىش كېرەك. بولمىسا توپىنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشنى تېزلىتىپ، پىشىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدۇ.

7. مېۋىلىك دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى ئوغۇتلىغاندا، ماسلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئورىيا ئوغۇتىنى ئورگانىك ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت ۋە كالىيلىق ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئوغۇتلىغاندا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەر خىل ئوزۇقلۇقلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (05)

# كېۋەزنى قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

رۇقىيە ئابدۇكېرىم
(ئاتۇش شەھەرلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 845350)

**1. مايسا ئوغۇتى:** كېۋەزنى مايسا مەزگىلىدە مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، مايسىنىڭ تەكشى، مۇقىم، بالدۇر ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن، ئاجىز ئۆسكەن، مايسا نىسبەتى يۇقىرى كېۋەزلىكلەرگە ئورىيا (尿素) نى سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش ھەمدە مايسا مەزگىلىدە ئاجىز ئۆسكەن، قېتىۋالغان مايسىلارغا نىسبەتەن ئورىيانى ۋە پۈركۈش گۆھىرىنى (喷施宝) مۇۋاپىق سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك .

**2. غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى ئوغۇتى:** كېۋەزنى غۇنچىلاش مەزگىلىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش ئارقىلىق، غۇنچىلاش مەزگىلىدىكى ئوغۇتنى چېچەكلەش مەزگىلىدە پايدىلىنىشنى ئېشقا ئاشۇرۇپ، كېۋەزنىڭ مۇقىم، نورمال ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆۋەن مەھسۇلاتلىق، ئۆسۈشى ئاستا ، ئاجىز ئۆسكەن كېۋەزلىكلەرگە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيانى ياكى10 ـ 15 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) نى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، تىمەن ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا ئاساس سېلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا كالىي كەمچىل كېۋەز ئېتىزلىرىغا ھەر مو يەرگە 5 ـ 10 كىلوگىرام كالىي سۇلفات (硫酸钾) ياكى كالىي خىلور (氯化钾)نى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك.

**3. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدىكى ئوغۇتى:** ئادەتتە ئوتتۇراھال، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كېۋەز ئېتىزلىرىغا ھەر مو يەرنى 15 ـ 25 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**4. ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئوغۇتى:** كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدە بالدۇر ئاجىزلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر مو يەرنى 5 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك، كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، % 0.3 لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسى بىلەن 1% لىك ئورىيانىڭ ئارىلاشمىسىنى ھەر 7 ـ10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش كېرەك.

**5. يوپۇرماق ئوغۇتى:** % 1 لىك ئورىيا ئېرىتمىسى ۋە 0.3% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات ئېرىتمىسىنى يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈسە، ئاجىز ئۆسكەن كېۋەز تۈپىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ۋە غۇنچە، غوزىلار تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

# شورلۇق تۇپراقلارنى ئوغۇتلاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

غەيرەت شاكىر
(توقسۇ ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 838100)

تېرىش كۆرسەتكۈچى يۇقىرىلاش، خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىسىنى كۆپ ئىشلىتىش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلىماسلىق، يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىماسلىق، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرماسلىق، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرىلاپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى تۆۋەنلەپ، ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتى كۈچىيىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا تۇپراقنىڭ شور تەركىبىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

1. شورلۇق تۇپراققا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. ئوغۇتلاشتا ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىپ، خىمىيەلىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش مىقتارىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش كېرەك. شارائىت يار بەرسە، زىرائەت شاخ ـ شۇمبىلىرىنى ئېتىزغا ئاغدۇرۇش، يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىپ تۇپراققا ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، شورنى باستۇرۇپ، تۇپراق سۈپىتىنى ياخشىلاش لازىم.

2. شورلۇق تۇپراقنى خىمىيەلىك ئوغۇتلار بىلەن بەك كۆپ ئوغۇتلىماسلىق كېرەك. ئوغۇتلاشقا توغرا كەلسە، ئىمكانقەدەر ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. شورلۇق يەرلەرگە فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق مىقتاردا ياكى ئازراق بېرىش، كالىيلىق ئوغۇتلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. شورلۇق يەرلەرگە ئورىيا (尿素)، ئاممونىي نىترات (硝酸铵)، ئاممونىي كاربونات (碳酸铵)، كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙)، كالتسىي، ماگنىي، فوسفورلۇق ئوغۇت (钙镁磷肥) قاتارلىق نېيترال، كىسلاتالىق ئوغۇتلارنى ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. لېكىن شورلۇق تۇپراققا ناترىي نىترات (硝酸钠) قاتارلىق شور تەركىبى يۇقىرىلىتىۋېتىدىغان ئوغۇتلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئادەتتە شورلۇق يەرلەرگە ئۇرۇق ئوغۇتنى ھەرگىزمۇ ئۇرۇققا يېقىن بەرمەسلىك لازىم. شورلۇق يەرلەرگە تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئالما دەرىخىنىڭ ھوسۇلسىز يىل شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ھۆسەنجان تىلىۋالدى
(كورلا شەھىرى قارا يۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

1. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش لازىم. ھەر مو يەرنى 3000 ـ 5000 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇتنى كۈزدە بېرىش ھەمدە پۈتۈن يىللىق فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ 80% نى، كالىيلىق ئوغۇتنىڭ 10% نى، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ 10% ـ 20% نى ئاساسىي ئوغۇت قىلىش، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھەر مو يەرگە 70 ـ 80 كىلوگىرام ئورېيا، 16% لىك كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) تىن 100 ـ 150 كىلوگىرام، كالىي سۇلفات (硫酸钾) تىن 50 ـ 60 كىلوگىرام قوشۇمچە ئوغۇت قىلىش كېرەك. ئەتىيازدا ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بېرىلىدىغان ئازوت ئوغۇتىنىڭ 60% نى بېرىش، مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە ۋە مېۋىسى رەڭلىنىشتىن بىر ئاي بۇرۇن بىر قېتىمدىن بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

2. مېۋە ۋە چېچەك شالاڭلىتىش ئارقىلىق، مو مەھسۇلاتىنى 2500 كىلوگىرام ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك.

3. ئىلمىي ئۇسۇلدا ۋاقتىدا يازلىق چاتاش. بىخ يىمىرىش، ئۇچىنى ئۈزۈش، مۇۋاپىق خىمىيەلىك تىزگىنلەش، شاخنى ئېگىش، تولغاش، قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قىش كىرىشتىن ئاۋۋالقى چاتاشتا دەرەخ شەكلىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

4. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى يىلتىز سىستېمىسى كېسەللىكى، شاخ قورۇپ قېلىش كېسەللىكى ھەم يوپۇرماق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5. ھورمون ئارقىلىق تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. باراقسان ئۆسكەن ئالما دەرىخىگە گۈل بىخلىرى بۆلۈنۈش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم 200 ـ 300 ھەسسىلىك پاكلوبۇترازول (多效唑) ياكى PBO (مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش دورىسى) نى چېچىش كېرەك. ئاجىز ئۆسكەن ئالما دەرىخىگە 20 مىللىگىرامنى گىببېرېللىن بىر كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىپ، كۆپرەك سۇغىرىش، مېۋىسىنى شالاڭلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. (02)

# چىلاننىڭ يازلىق پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

تۇرغۇن مەھەممەت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

**1. شاخنى تارتىپ باغلاش ۋە ئاچا قويۇپ كېرىش:** غول شاخلارنى تارتىپ باشلاش ياكى ئاچا قويۇپ كېرىش ئارقىلىق، شاخ بۆلۈكىنى ۋە ئۆ- سۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆسۈش ئىقتىدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، دەرەخ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم.

**2. ئۇچىنى ئۈزۈش:** ئۆسۈش مەزگىلىدە شۇ يىللىق يېتەكچى شاخنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى شېخىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشنى تىزگىنلەپ، چېچەكلەپ مېۋىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**3. بىخ يىمىرىش:** ئۆسۈش مەزگىلىدە ئۆسۈپ چىققىنىغا ئۇزۇن بول- مىغان، ئىشلىتىش قىممىتى يوق بىخلارنى يىمىرىۋېتىش ئارقىلىق، ئو- زۇقلۇقنى تېجەپ، گۈل بېخىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىش لازىم.

**4. ھالقىسىمان سويۇش:** دەسلەپكى چېچەكلەش مەزگىلىدىن كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىگىچە، مەركىزى غولى ۋە ئاساسىي، يان شاخلارنىڭ قوۋزىقىنى پىچاق بىلەن ياغاچلىق قىسمىغىچە ھالقىسىمان سويۇش ئارقى- لىق، دەرەخ تېنىنىڭ ئۈستىنكى قىسمىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارىنى كۆپەيتى- تىپ، گۈل بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقى- رىلاتقىلى بولىدۇ.

**5. يازلىق چاتاش:** مۇۋاپىق پەيتتە مېۋە شاخ ئارىلىقىدىكى ياۋا ئۇ- زىراپ ئۆسكەن مېۋە شاخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ھەمدە زىچ مېۋە بەرگەن شاخلاردىكى كېسەللەنگەن، كۆرۈمسىز، سۈپىتى ناچار مېۋىلەرنى شالاڭلى- تىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ بىھۇدە سەرپىياتىنى ئازايتىپ، مې- ۋىنىڭ چوڭ، كۆركەم پىشىشىنى تېزلىتىش لازىم.

**6. يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاش:** ئادەتتە چىلان دەرىخى يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ، ھەر 15 ـ 20 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماققا ئوغۇت پۈركۈلىدۇ. ئەمما ئۆسۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئازوتلۇق ئوغۇت، چې-

(ئاخىرى 27 ـ بەتتە)

# چىلاننىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

ماھىرە ھېزىم
(غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 835000)

**1. سۇغىرىش:** چىلان قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، لېكىن سۇغا ئىنتايىن سەزگۈر دەرەخ بولۇپ، ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇپراق نەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يوپۇرماق تاشلىغاندىن باشلاپ يەر توڭلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چوقۇم قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك.

**2. ئوغۇتلاش:** چىلاننى ئوغۇتلاشتا ئاساسىي ئوغۇتنى كۈزدە دەرەخ يوپۇرماق تاشلىغاندىن تارتىپ يەر توڭلىغىچە قىشلىق سۇغىرىشتىن بۇرۇن بېرىش لازىم. ئوغۇتلاش مىقدارىنى دەرەخ يېشى ۋە تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ مەسىلەن: كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخكە تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن 100 ـ 150 كىلوگىرام بېرىپ، ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچلىرىدا مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. بولۇق مېۋىلەش مەزگىلىدە ھەر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنى ئاممونىي سۇلفاتتىن (硫酸铵) 0.5 ـ 1 كىلوگىرام، كالتسىي سۇپېر فوسفاتتىن 1.5 ـ 2 كىلوگىرام بېرىلىدۇ.

**3. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا مېۋىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىپ، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى تېزلەتكىلى، مېۋە تەركىبىدىكى قەنت ماددىسىنى يۇقىرىلىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چىلان دەرىخىگە ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندىن باشقا، يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا مېۋىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىپ، مېۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**4. باغ يېرىنى باشقۇرۇش:** چىلانلىق باغ يېرىنى باشقۇرۇش باشقا مېۋىلىك باغلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، قەرەللىك يەر ئاغدۇرۇش، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش توڭ سېلىش خىزمەتلىرىنى، ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك. (02)

# مۇناقى ئۈزۈمنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشى

مەريەمگۈل يۈسۈپ
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845350)

**1. ئوغۇتلاش:** مۇناقى ئۈزۈمنى ھەر باسقۇچتىكى ئۆسۈشىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ئوغۇتلاشقا، بولۇپمۇ كۆزدە ئورگاننىڭ ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلغاندا ئۈزۈمدىن ھەر يىلى سۈپەتلىك، مۇقىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

**2. سۇغىرىش:** مۇناقى ئۈزۈمنى ھەر باسقۇچتا ۋاقتىدا مۇۋاپىق ئوغۇتلىغاندىن كېيىن، دەرھال سۇغىرىش ئارقىلىق، سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

**3. شەكىلگە كەلتۈرۈش:** مۇناقى ئۈزۈمنى ئەجدىھا شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاشنىڭ ھاۋا، يورۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇقتىن پايدىلىنىش شارائىتى ياخشى، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى يېنىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا كۆپ قوللىنىلماقتا. مۇناقى ئۈزۈم تۈپلىرىنى مەيلى قايسى خىل شەكىلگە كەلتۈرۈشتىن قەتئىي نەزەر، ئاۋۋال كېسەللەنگەن، ئاجىز، تۈپ ئۈستى ۋە ئاستىغا ئۆسكەن سۈپەتسىز شاخلارنى كېسىۋېتىپ، تىمەن ئۆسكەن نوتىلارنى مېۋە شاخ قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، 3 ـ 5 بىخ قالدۇرۇپ كېسىش ۋە مېۋە شاخ ئارىلىقىنى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىپ، ئۈنىڭدىكى ئارتۇق ئۆسكەن نوتا، قۇرۇپ قالغان شاخلارنى ۋاقتىدا كېسىۋېتىش كېرەك.

**4. كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان كېسىۋېتىلگەن شاخلارنى بىر يەرگە يىغىپ چوڭقۇر كۆمۈپ ياكى كۆيدۈرۈپ كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە ئۈزۈم شاخلىرى، تەكتىنىڭ ئاستى، ئۈستى، ئېتىز قىر ئەتراپلىرىغا بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چېچىپ، زىيانداش ھاشارات تۇخۇملىرىنى يوقىتىپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# تاۋۇزنىڭ سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

جېلىل تۇرسۇننىياز
(لوپ ناھىيە لوپ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848200)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەل مايسا مەزگىلىدىن باشلاپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىلىدە ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. مېۋىلەش مەزگىلىدە، مېۋە يوغىناشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كېسەللىك يامرايدۇ. ئادەتتە مايسا ئۈنۈپ چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇرۇقى سېسىشنى، مايسا ئۈنگەندىن كېيىن پەللە يوپۇرماق ۋە يۇمران يوپۇرماقلار سۇسىزلىنىپ غولنىڭ تۈۋى بېغىررەڭگە ئۆزگىرىپ سولىشىپ يېتىشنى پەيدا قىلىدۇ. تۈپنى يۇلۇپ يىلتىزىنى تەكشۈرگەندە سېرىق بېغىررەڭلىك چىرىيدۇ.

غولنىڭ يەرگە يېقىن قىسمى يۇمشاپ يېرىلىپ مەزكۇر جايدىن يېلىم چىقىدۇ، كېسەللەنگەن تۈپنىڭ بېغىشىنى چۆرىدەپ ئاق رەڭلىك پاختىلىشىپ، كېسەللىك زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ۋە بۆلگۈچى ئىسپورىلار كېسەللىك ئېلىپ يۈرىدۇ. غولنىڭ يەرگە يېقىن قىسمىنى يېرىپ كۆرگەندە يىلتىز قىسمىدىكى توشۇغۇچى نەيزە دەستىسى سېرىق قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ ئاسانلا يۇلۇنۇپ چىقىدۇ، ئېغىر بولغاندا تاۋۇزنىڭ پىلەكلىرى قۇرۇپ ئۆلىدۇ.

**2. تارقىلىش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك زەمبۇرۇغلىرى تۇپراق ئارقىلىق كېسەللىك قالدۇقلىرى، يۇقۇملانغان قىغ، كېسەللەنگەن تاۋۇزنىڭ ئېتى، ئۇرۇق ۋە سۇغىرىش ئارقىلىق تارقىلىدۇ. سولىشىپ قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى نەملىك ۋە تېمپېراتۇرا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تېمپېراتۇرا 23℃ تىن تۆۋەن، 34℃ تىن يۇقىرى بولغاندا، كېسەللىك نىسبەتەن يېنىكرەك تارقىلىدۇ. تاۋۇز چېچەكلەپ مېۋە تۇتۇش ۋە مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك شارائىتىغا ئۇچرىغاندا، بولۇپمۇ ئۇزاق ۋاقىت يامغۇر يېغىپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە ياكى بىردەم يامغۇر يېغىپ بىردەم ھاۋا ئېچىلسا كېسەل تارقىلىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كېسەللىككە ۋە زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك بولغان پارىنكىتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم؛ (2) 3 ـ 4 يىلدا بىر قېتىم نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىسا كېسەللىك تارقىلىشنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ؛ (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر تۈپنىڭ تۈۋىگە 250 مىللىلىتىردىن قۇيۇلىدۇ ھەمدە 70% لىك گېنفۇلىڭ (根腐灵) دورىسىنى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم چېچىش كېرەك. (03)

# مۇناقى ئۈزۈمنىڭ قىروسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

خانقىز موللانىياز
(ئاتۇش شەھەرلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسىدىن 845350)

**1. پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى:** ئىلگىرى قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆرۈلسە، ھازىر يېرىقچىلىق كۆلەمنىڭ ئېشىشى، ھۆل - يېغىنىنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا يۈز بېرىپ، يوپۇرماق نوتىلارغا زىيان سېلىۋاتىدۇ، قىروسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 15℃ - 18℃، مۇۋاپىق نەملىك 70% - 75% بولغان مەزگىلدە يۇمران يوپۇرماق يۇقۇملىنىپ، نىسپىي نەملىك 90% ئاشقاندا قېرى يوپۇرماققا يۇقىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى نەملىكنىڭ ئېشىپ بېرىشى قىروسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ۋە ئاق توزان كېسەللىكىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ شەبنەم چۈشكەن مەزگىلدە بۇ كېسەل ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. 8 - ، 9 - ئايلاردا بۇ كېسەللىك ئۈزۈم ساپاقلىرىنى ۋە نوتىلىرىنى ئالاھىدە قاردىتىپ، ئۈزۈمنى تۆكۈلىدىغان قىلىپ سۈپەت ۋە باھاسىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇناقى ئۈزۈمنى چاتىغاندا، كېسەللەنگەن شاخ، يوپۇرماقلارنى دەرھال يىغىپ كۆيدۈرۈپ ياكى كۆمۈۋېتىش كېرەك. (2) ئېتىزدىكى كېسەللىك ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. كېسەللىكنىڭ قايتا - قايتا يۇقۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەتكەندە قوغداش خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىش، يەنى پەيدا بولماستا قوغداش خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، يوقىتىش خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. كېسەللىك كونترول قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە قوغداش خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. (3) قوغداش خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن 1:0.7:200 ھەسسىچىلىك بوردو سۇيۇقلۇقىنى ياكى 35% لىك جاۋشەنتۇڭ (胶悬铜)، 30% لىك لۇدېباۋشۇەنجى (绿得保剂)، 400 - 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىنى، 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ

900 ـ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى كېسەل يۇز بەرمەستە چېچىش كېرەك. (4) كېسەللىك يۇز بەرگەندىن كېيىن، 40% لىك ئالىيومىن فوسـ-تىل (乙磷铝) نەملىشىشچان پاراشوكىنىڭ 200 ـ 400 ھەسسىلىك سۇيۇقـ-لۇقىنى، 25% لىك رىدومىل (甲霜灵) نىڭ 700 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقـ-لۇقىنى 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) نەملىشىشچان پاراشوكىنىڭ 300 ـ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 58% لىك مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) نەملىشىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى يوپۇر-ماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، ئادەتتە ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم چېچىش كېرەك. كېسەللىك كونترول قىلىنغاندىن كېيىنمۇ 1 ـ 2 قېتىم قوغداش خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى چېچىش كېرەك. (5) باغنىڭ ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش باغنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىش ھادىسىنى كونت-رول قىلىش، ئۆزۆملۈكنىڭ كىچىك كىلىماتىنى بۇزۇۋېتىپ، چوڭ كىلد-ماتقا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. (03)

(بېشى 22 ـ بەتتە)

چەكلەش مەزگىلىدە بور ئوغۇتىنى، مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە فوسفور-لۇق، كالىيلىق ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك. يوپۇرماق ئوغۇتى ئۈچۈن، 0.3% ـ 0.5% لىك ئازوتلۇق ئوغۇت، 0.2% ـ 0.3% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات، 0.5% ـ 0.7% لىك ناترىي بورات، 0.2% ـ 0.4% لىك تۆمۈر (Ⅱ) سۇلفات، 0.3% لىك كالىتسىي نىترات ئېرىتمىسى ئىشلىتىلىدۇ. مېۋىسى چىگىتچىلىك بولغاندا 15 كىلوگىرام سۇغا 100 گىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 200 گىرام ئازوتلۇق ئوغۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش، مې-ۋىسى رەڭلىنىشنىڭ دەسلىپىدە 100 ـ 150 گىرام كالىيلىق ئوغۇتقا 15 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى پۈركۈسە، مېۋىسى كۆركەم، رەڭدار بولىدۇ.

**7. سۇغىرىش:** چىلان دەرىخى قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولسىمۇ، ئەمـ-ما ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندا چاڭلىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مۇقىم سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (03)

# پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

چىنتاشگۈل ئىبراھىم
(قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 839000)

**1. كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلى:** ئاساسلىقى شوخلا، پىدىگەن، تەرخەمەك، كۆك مۇچ قاتارلىق كۆكتاتلارغا زىيان سېلىپ، مېۋىسىنىڭ، غولىنىڭ، يىلتىزىنىڭ چىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) چىرىگەن مېۋە ۋە مېۋە پوستىدىكى گۈل بەرگىلىرىنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، ئېتىز سىرتىغا ئەچىقىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ (2) ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سۇغىرىش، سۇغارغاندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇپ نەملىكنى تۆۋەنلىتىش، پارنىك ئىچىدىكى نەملىك بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ (3) ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە 50% لىك سۇملىكس (速克灵) ياكى 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نى يۇمران مېۋىگە چېچىش كېرەك. ھاۋا تۇتۇق كۈنلەردە 15% لىك پىروسىمىدون (腐霉利烟剂) ياكى ئىسلاش دورىسى بىلەن ئەتىگەن - كەچتە پارنىكنى ئىسلاش لازىم.

**2. يوپۇرماق پاختىلىشىش كېسىلى:** ئاساسلىقى پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمىقىغا زىيان سالىدۇ. تۇپنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قاراپ يوپۇرماقنىڭ ئۈستى تەرىپى ساغۇچ داغ، ئاستى تەرىپىدە ئاق داغ پەيدا بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يوپۇرماقنىڭ ئاستى تەرىپى پۈتۈنلەي قارىداپ، ئۈستى تەرىپى سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ يوپۇرماقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش، ئاستى تەرەپتىكى قېرىغان، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش لازىم. (2) 75% لىك داكونىل (百菌清) دىن 30 گىرامنى 15 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش، ئۇنىدىن باشقا 400 گىرام داكونىل ئىسلىغۇچى دورىسى (百菌清烟剂) بىلەن ھەر مو پارنىك يېرىنى 4 ـ 6 سائەت ئىسلاش لازىم.

**3. ئاق توزاڭ كېسىلى:** ئاساسلىقى قوغۇن، تاۋۇز تۇرىدىكىلەر ۋە پىدىگەن، مۇچ، يېسىۋىلەك قاتارلىق كۆكتاتلاردا كۆپرەك يۈز بېرىپ يوپۇرماق، يوپۇرماق ساپىقى ۋە غول قىسمىغا زىيان سالىدۇ، مېۋىسىگە زىيان سالمايدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە يوپۇرماقنىڭ ئالدى - كەينىدە توزاڭسىمان ئاق رەڭلىك ماددىلار پەيدا بولۇپ، كېيىن پۈتۈن

# كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

قاھار خالىق
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا:** (1) يەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش، ئېتىزدىكى ئەگىلەك ئوت، ئىت ياڭىقى قاتارلىق ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، قىشتىن ئۆتۈش مەنبەسىنى تارايتىش كېرەك. (2) غوزا قۇرتى زىيىنىغا چىداملىق چىلگە كېۋەز سورتلىرىنى تاللاپ، مۇمكىنقەدەر بالدۇر تېرىش كېرەك. (3) تېرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بالدۇر مايسا تاقلاپ، بالدۇر مايسا بەلگىلەش لازىم. كۆچلۈك ئۆسكەن كېۋەز ئېتىزىغا بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) ياكى پاكارلىتىپ ئىمەنلىتىش دورىسى (矮壮素) پۈركۈپ ئۆسۈشنى تەڭشەش لازىم. (4) كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، ئۆسۈش نۇقتىسى، شاخ - يوپۇرماقلاردىكى تۇخۇمنى ۋە 1 - 2 ياشلىق لىچىنكىلىرىنى يوقىتىش لازىم. كېيىنكى مەزگىلدە سۇ - غىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، بالدۇر ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (5) غوزا قۇرتىنىڭ قوناقتا سالغان تۇخۇمى كېۋەزلىككە قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كېۋەزلىكنىڭ تۆت ئەتراپىغا تۇپ ئارىلىقىنى 20 - 25 سانتىمېتىر قىلىپ چىلگە قوناق تېرىپ، چوڭ كانايچە يوپۇرماق مەزگىلىدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى يۇرەكسىمان يوپۇرمىقىنى قېقىپ يېتىلگەن غوزا قۇرتىنى چۈشۈرۈپ بىر يەرگە يىغىپ يوقىتىش لازىم. (6) غوزا قۇرتى پەرۋانىسى تىرەك، سۆگەت ئاق پاراشوك قاپلاپ، ئاندىن يوپۇرماقلار سارغىيىپ قۇرۇيدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلىتىپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش، مۇۋاپىق شالاڭ تېرىپ ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە يوتاپ تۇپنىڭ زەئىپلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (2) تېرىشتىن بۇرۇن پارنىكنى جوندۇخېك (菌毒清) قاتارلىق مىكروب ئۆلتۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئىسلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. (3) 40% لىك فۇشېڭ (福星) مايلىق دورىسىنى ياكى 15% لىك تىرىئادىمېفون (粉锈宁) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن خالىغان بىرىنى تاللاپ، 50 گىرام دورىغا 50 - 60 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 - 3 قېتىم تەكشى پۈركۈش كېرەك. (03)

شېخنغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا ئىككى يىللىق تىرەك شېخىنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، دىئامېتىرىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر باغلام قىلىپ تاياقچا قاداپ، كېۋەز تۈپىدىن 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىپ، ھەر مو يەرگە 4 ـ 6 باغلام تېرەك شېخى ئورنىتىش كېرەك. ھەر كۈنى سەھەردە تىرەك شېخى باغلىمىغا يىغىلغان پەرۋانىلەرنى ۋاقتىدا تۇتۇپ يوقىتىش ھەم تىرەك شېخىنى ھەر 3 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇش كېرەك. (7) ھەر 60 مو يەرگە بىردىن، تەۋرىنىشچان چاستوتىلىق ھاشارات يوقىتىش چىرىغىنى كېۋەز تۈپىدىن 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئورنىتىپ، يېتىلگەن غوزا قۇرتىنى جەلپ يوقىتىش لازىم. (8) جىنسىي ھورمون ئارقىلىق غوزا قۇرتىنىڭ ئەركەك پەرۋانىسىنى ئالداپ يوقىتىش كېرەك. (9) ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئىشلەتمەسلىك ياكى ئاز ئىشلىتىش، دورا سۈيۈقلۇقىنى تۈپ ئۇچىغا تېمىتىش ياكى غولىغا سۈرۈش ئارقىلىق غوزا قۇرتىنىڭ كۈشەندىلىرىدىن ئاساسلىقى توقال ھەرە، بىراكون، قىزىل كۆز ھەرە، زەمبۇرۇغ تۇرىدىكىلەر، خانقىز، ئالتۇن كۆز، تۇتۇپ يەيدىغان چىرپاشكا، ھەرە ۋە ئۆمۈچۈك قاتارلىق كۈشەندىلەرنى قوغداپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەندە، غوزا قۇرتىنى تىزگىنلەش رولىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. (10) 2 ـ ئەۋلاد غوزا قۇرتىنىڭ تۇخۇم سېلىشى ئەۋج ئالغاندا ياكى لىچىنكىسى ئۇچ ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن BT سۇتسىمان دورىسىنى 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 3 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش ياكى (NPV غوزا قۇرتىنىڭ كۆپ يادرو تەنچىلىك كېسەللىك ۋىرۇسى) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى پۈركۈش كېرەك. (11) ئادەتتە غوزا قۇرتىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد ۋە 3 ـ ئەۋلادلىرىنى نۇقتىلىق يوقىتىش كېرەك. ھەر يۈز تۈپ كېۋەزدە غوزا قۇرتى تۇخۇمى 60 دانىگە ۋە لىچىنكىسى 60 تالغا يەتكەندە، سەيدەن (赛丹)، BT ياسالمىسى، 1.8% لىك ئاۋېيمىتسىن (阿维菌素) سۇتسىمان مېيىنى 4000 ـ 5000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم. 2 ـ ئەۋلاد غوزا قۇرتى تۇخۇم سېلىش ۋاقتىدا ئازودېرىن (久效磷)، مېتامىدوفوس (甲胺磷) نى سۇيۇلدۇرۇپ، ئۆسۈش نوقتىسىغا تېمىتىش ياكى غولىغا سۈرۈش كېرەك. (03)

# زىرائەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق دورىسىدىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئابدۇقادىر ئېزىز
(يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844500)

1. سۇپىتى ناچار دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئىككى خىل ئەھۋالدا دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ سۇپىتى ناچار بولىدۇ، بىرى، ئەسلىدىكى دورىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا زىيانلىق ئارىلاشما ماددىلارنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ياكى پىششىقلاپ ئىشلەش سۇپىتى ناچار بولۇش سەۋەبىدىن سۇپىتى ئۆزگىرىدۇ؛ يەنە بىرى، دېھقانچىلىق دورىسىنى بەك ئۇزاق ۋاقىت ساقلاش سەۋەبىدىن فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سۇپىتى ئۆزگىرىدۇ. سۇپىتى ئۆزگەرگەن دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىشلەتكەندە ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىش يۈز بېرىدۇ.

2. دورىنى زىيادە ئىشلەتمەسلىك لازىم. دورىنىڭ قويۇقلۇقىنى ياكى ئىشلىتىش مىقدارىنى خالىغانچە ئاشۇرسا ياكى دورىنى تەكشى چاچمىسا ۋە ياكى دورىنى تەكرار چېچىپ قىسمەن ئورۇندىكى دورا قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇۋەتسە، ئۆسۈملۈكلەر ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىدۇ.

3. دېھقانچىلىق دورىسىنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. زىرائەتكە سەزگۈر دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، مەسىلەن، دېپتېرىكس (敌百虫) دورىسىنى ئاق قوناقتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. روگور (乐果) دورىسىنى چىلان دەرىخىگە ئىشلىتىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ-يوقىتىشقا بولمايدۇ. بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دورىنى ئىشلەتكەندە، خىمىيەلىك ياكى فىزىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، زىرائەتتە دورا زەھىرىنى كۆپەيتىپ، دورىدىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن، شالغا بىرلا ۋاقىتتا پىروپانىل (敌稗) ئوت - چۆپ يوقاتقۇچى دورىسى بىلەن ئورگانىك فوسفور ياكى كاربامات تۈرىدىكى ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى خىل دورىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئارىلىق ۋاقتىنى 10 كۈندىن ئارتۇق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق بولمىغان قالدۇق زەھىرى يۇقىرى ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى ئىشلەتسىمۇ، كېيىنكى ئېكىنزىغا تېرىلىدىغان دورىغا سەزگۈر زىرائەتلەردە دورىدىن زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ.

4. دورىنى توغرا ئۇسۇلدا ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن، بەش خلورلۇق

ناترىي فېنول (五氯酚钠) دورىسىنى شالغا ئىشلەتكەندە، دورىلىق توپا ياساپ تەكشى چاچسا ۋە 3-5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۇ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلسا، شال مايسىسىغا بىخەتەر بولىدۇ. ئەگەردە سۈيۈلدۈرۈپ پۈركۈسە شالدا ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىش كۆرۈلىدۇ.

5. دورىنىڭ ئۇچۇپ يۆتكىلىشىگە ۋە پارغا ئايلىنىپ كېتىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇغداي ۋە كۆممىقوناق ئېتىزىغا 2,4-D ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى چاچسا، ناھايىتى ئاسانلا قوشنا ئېتىزلارغا تېرىلغان قوش پەللىلىك زىرائەتلەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. شالغا ئوردىرام - SM (禾田净) نى چاچسىمۇ ئەتراپىدىكى تەرخەمەكنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

6. دورا پۈركۈش ماشىنىسىنى پاكىز چايقاپ يۇيۇش كېرەك. ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسى چاچقان دورا پۈركۈش ماشىنىسىنى ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى ياكى مىكروب يوقىتىش دورىسىنى پۈركۈشكە ئىشلەتسە ئاۋۋال، پاكىز يۇيۇپ چايقاپ ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك. شارائىت يار بەرسە ئەڭ ياخشىسى مەخسۇس ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى پۈركۈش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، زىرائەتلەرنى كەڭ كۆلەملىك زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

7. دورىنى خاتا ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ياكى مىكروب يوقىتىش دورىسى دەپ خاتا تونۇپ ئىشلىتىشتىن، بولۇپمۇ تاۋار نامى ئوراپ قاچىلانغان قاچا، دورا تېپى، رەڭگى قاتارلىقلار ئوخشاپ كېتىدىغان دورىلارنى خاتا تونۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

8. مۇۋاپىق مەزگىلدە دورا چېچىش كېرەك. ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسىنى بەك بالدۇر ياكى بەك كېيىن چاچسا، ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، بوغداي ئېتىزىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىشتا بانۋېل (百草敌) دورىسىنى يازغى بۇغداي مايسىسى ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدىن بەشتال يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلگىچە، كۈزگى بۇغداي مايسىسى تۆتتال يوپۇرماق چىقارغاندىن تۈپلىنىشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگىچە چاچسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. تۆتتال يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن ۋە بوغۇم تارتقاندىن كېيىن بانۋېل دورىسىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

9. زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز شارائىتتا مەسىلەن: يۇقىرى تېمپېراتۇرا ياكى تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قاتتىق يامغۇر، بوران قاتارلىق ناچار شارائىتلاردا دورا چاچماسلىق كېرەك. (03)

# شوخلا كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلنەزەر مەمەت
(خوشۇت ناھىيە چوققۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق پونكىتىدىن 841200)

**1. توساتتىن يېتىپ كېتىش كېسەللىكى:** بۇ مايسىنى نابۇت قىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش لازىم. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېكسون (敌克松) نىڭ 600~800 ھەسسىلىك سۈيۇقلۇقى ياكى داكونىل (百菌清) نىڭ 800 ھەسسىلىك سۈيۇقلۇقىنى پۈركۈسە بولىدۇ.

**2. يوپۇرماق پاختىلىشىش كېسەللىكى:** يوپۇرماق كەينىدە ئاقۇچ پاختىلاشقان داغ پەيدا بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماقنىڭ ئارقىسى قاپلاپ، بىنەپشە كۆلرەڭ ياكى توق يېشىلغا ئۆزگىرىپ، ئالدى تەرىپى سارغىيىدۇ، ئاخىرىدا يوپۇرماق پۈتۈنلەي سارغىيىپ قۇرۇپ، تەدرىجىي يۇمران غول، مېۋە ساپىقى ۋە مېۋىگە زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: ئۇرۇقنى قىزىق سۇغا چىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىپ تېرىش، ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىش، قېرىپ سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش لازىم. 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 50% لىك توپسىن (托布津) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۈيۇقلۇقى ياكى 50% لىك روۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500~2000 ھەسسىلىك سۈيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك.

**3. يوپۇرماق چىرىش كېسەللىكى:** ئالدىنى ئېلىشتا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ھەم پەرۋىشنى كۈچەيتىش، تۇپراقنى قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن، 45% لىك ئامۇبام (代森铵) نى 200~400 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر كىۋادرات مېتىر يەرگە 2~4 كىلوگىرامدىن پۈركۈش لازىم. كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە 50% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 50% لىك باۋىستىن پاراشوكىنى 800~1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2~3 قېتىم پۈركۈش كېرەك.

**4. يوپۇرماق تۆكۈلۈش كېسەللىكى:** ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە 40% لىك ئاليۇمىن فوستىل (乙磷铝) نى 200 ھەسسە ياكى 58% لىك رىدومىل (甲霜灵) نى 600~800 ھەسسە ياكى داكونىل (百菌清) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 500~600 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2~3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. (03)

# كۆممىقوناقنىڭ ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

ئەلى مەتتۇرسۇن
(لوپ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 848200)

**1. يەر يولۋىسى:** زىرائەت ئۇرۇقى، ئۇرۇقلۇق ياڭيۇ، تۈگمەنەك غول قاتارلىقلارنى تېشىپ يېيىش، يىلتىز، يۇمران غولىنى غاجىلاپ يېيىش ۋە يۇمران مايسىلارنى ئۈزۈۋېتىش ئارقىلىق مايسىلارنىڭ كەملەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىشتىن باشقا يەنە يەر يولۋىسى كۆپلەپ پەيدا بولغان مەزگىلدە 1:1 نىسبەتتىكى دىپتېرىكس (敌百虫) بىلەن د د ۋ (敌敌畏) غا 200 ھەسسە سۇ قوشۇپ، دورا سۈيۈقلۇقىنى يىلتىزغا قۇيۇش كېرەك. ئۇندىن باشقا كېۋەز، كۆممىقوناق، كۆكتات ۋە قىزىلچا ئېتىزغا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ، 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، ئىچىگە پىشقان ئۈجمە ياكى سېسىغان ئالما، سەۋزە قاتارلىقلاردىن ئازراق سېلىپ، ئۈستىنى ئوت ـ چۆپ بىلەن يېپىپ قويسا، كېچىلىرى كۆپلىگەن يەر يولۋىسى لىچىنكىسى يىغىلىدۇ. ئەتىسى سەھەردە يىغىپ يوقاتسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زىرائەتلەر مايسا مەزگىلىدە 2.5% لىك دىساس (敌杀死)، 25% لىك كارات (功夫) قاتارلىق دورىلاردىن 30 ـ 35 مىللىلىتىرنى 70 ـ 75 كىلوگىرام سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**2. كۆممىقوناق كېپىنىكى:** كۆممىقوناق كېپىنىكى كۆممىقوناق غولى، مەدەك ياكى يىلتىز كۆتەكلىرىدە قىشلايدۇ. 1 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسىنى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 7 ـ ئايغىچە كۆممىقوناقنىڭ كانايچە يوپۇرمىقى ۋە يېڭى چىققان ئاتىلىق پوپۇكىگە زىيان سالىدۇ. 2 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى 8 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرى ئۈچ يوپۇرمىقى، ئاتىلىق پوپۇك، باشاق ۋە غولغا زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، كۆممىقوناق توپلىرى ئاتىلىق پوپەك چىقارغان مەزگىلدە 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) دورىسىدىن ھەر موغا 200 مىللىلىتىر توغرىلاپ، ئۇنى 75 كىلوگىرام سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ كۆممىقوناق توپلىرىغا تەكشى پۈركۈپ، 2 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسىنى يوقىتىش كېرەك. (05)

# ئۈزۈمدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت
(يوپۇرغا ناھىيەلىك ئەشمە بازارلىق ئورمان پونكىتىدىن 844400)

**1. قاسراقلىق قۇرت:** بۇ ھاشارات يۇمران نوتا ۋە مېۋىگە چاپلىشىپ ئوزۇقلىنىپ، دەرەخنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق، مېۋىلەر تۆكۈلىدۇ ھەتتا پۈتۈن تۈپى قۇرۇپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى يىلى باش باھارغىچە دېھقانلارنى تەشكىللەپ، چوتكا بىلەن ئۈزۈك دەرىخىدىكى قاسراقلىق قۇرتلارنى چۈشۈرۈپ يوقىتىش؛ (2) قىش پەسىللىك دەرەخ چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇغان شاخ ۋە قاسراقلىق قۇرت بىرقەدەر زىچ بولغان شاخلارنى كېسىۋېتىپ، دەرەخ ئاستىدىكى قۇرۇق يوپۇرماق ۋە ياۋا ئوتلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش؛ (3) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن، باش ئەتىيازدا مېۋىلىك دەرەخلەر بىخ چىقىرىشتىن بۇرۇن بائومې بەش گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى كىچىك شاخلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تەكشى چېچىش؛ (4) 5 - ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى تۇخۇمدىن ياش قۇرتى چىقىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ھامان، سوپۇن پاراشوكىنىڭ 200 - 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) دورىسىنى 1500 ھەسسە، 40% لىك روگور (乐果) دورىسىنى 1500 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ چېچىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**2. كۆكپىت:** كۆك پىت يوپۇرماق كەينى ۋە يۇمران نوتىلارغا يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ شىرنىلىرىنى شورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي يوپۇرماقلار قورۇلۇپ يېشىللىقىنى يوقىتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشتىن ئىلگىرى بائومې 2 - 3گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چاچسا يېڭىدىن پەيدا بولغان كۆكپىت ۋە تۇخۇملارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. (چېچەكلەش مەزگىلىدە دورا چېچىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ). يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھاشارات ئەھۋالىغا قاراپ 1 - 2 قېتىم دورا چاچسا بولىدۇ؛ (2) 50% لىك مالاتىئون (马拉硫磷) ياكى 50% لىك فوكسىمنىڭ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خانقىز، ئالتۇنكۆز ۋە كۆكپىت چىۋىنى قاتارلىق پايدىلىق ھاشاراتلارنىڭ كۆكپىت تۇتۇپ يېيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مۇۋاپىق ئاسراشقا ۋە پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (03)

# جىلان قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

ھۆرىيەت مەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 845350)

قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ كىچىك ۋە يېتىلگەن لىچىنكىلىرى يوپۇرماقنىڭ شىرنىسىنى شوراپ، يېنىك بولغاندا يوپۇرماقتا سېرىق داغ چۈشۈش، قىزىرىش، سارغىيىپ كېتىشنى، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە قىزىل ئۆمۈچۈك بىر يىلدا 5 ~ 8 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ھەر يىلى4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھەرىكەتلىنىدۇ. 6 ~8 ـ ئايغىچە ئېغىر زىيان سالىدۇ، 10 ـ ئايدا تۇخۇملايدۇ، يېتىلگەن چىشى كانا دەرەخنىڭ قوۋزاق، يېرىقلىرىدا، شاخلارنىڭ ئۆز ئارا گىرەلەشكەن ئاچىماقلاردا، يىلتىز بوغۇزى ئەتراپىدا، دەرەخ تۈۋىدىكى تۇپراق يېرىقچىلىرىدا ۋە تۆكۈلگەن غازاڭلار ئارىسىدا قىشلايدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) قىش پەسلىدە دەرەخ قوۋزاقلىرىنى پاكىز قىرىپ قىرىلغان قوۋزاقلارنى ۋە تۆكۈلگەن شاخ، يوپۇرماقلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك، قىشتىن ئىلگىرى بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك. (3) دورا چاچقاندا كۆشەنلەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە خانقىز، كانا تۇتۇپ يېگۈچى كانا، چىپار چىرپاشكا، ئۆمۈچۈك قاتارلىق كۆشەندىلەردىن پايدىلىنىپ ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (4) پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 73% لىك دىكوفول (三氯杀螨醇) دورىسىنى 2000 ھەسسە ياكى 20% لىك مىسورۇن (灭扫利) نى 2500 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ بىر خىل دورىنى تەكرار ئىشلىتىش سەۋەبىدىن دورىغا كۆنۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ چېچىش لازىم. دورىنى دەرەخنىڭ ئۈستى، ئاستىغا، ئىچى ـ سىرتىغا، يوپۇرماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەكشى چېچىش كېرەك. (03)

# پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن مۇچتا كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئابلەق مەخمۇت
(توقسۇن ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن 838100)

**1. مېۋە قېتىۋېلىش:** ئاساسلىقى گۈل بىخى بۆلۈنۈش مەزگىلىدە ۋە تېرىپ 35 كۈن بولغاندا مۇچ تۈپى قۇرغاقچىلىق ۋە 13℃ تىن تۆۋەن، 35℃ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيىنىغا ئۇچرىسا قاتتىق مېۋە شەكىللىنىدۇ. ئالدىنى ئېلىش: كۆزلۈك مۇچ مايسىسىنى يەر تەكشىلىكى بىلەن تەڭ قىلىپ تىكىپ، 3 ـ 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا يۆلەپ، گۈل بىخى بۆلگەندە قۇرغاقچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. 2 ـ 4 يوپۇرماق چىقارغاندا 700 ـ 1000 ھەسسىلىك سىنك سولفات ئېرىتمىسىنى يىلتىزغا قويۇپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۈمۈرۈش ۋە ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. گۈل بىخى بۆلۈنۈش مەزگىلى ۋە چاڭلىنىپ ئۇرۇقلىنىش مەزگىلىدە پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 23℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 18℃ تا، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 17℃ ـ 26℃ تا كونترول قىلىپ، تۇپراقنىڭ سۇ ۋە نەملىك ساقلاش مىقدارىنى 55% دە كونترول قىلىش لازىم. سوغۇققا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىپ، ئۇرۇقنى مارگانسوپ (高锰酸钾) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە چىلاپ كېسەللىك مىكروبىنى يوقىتىش كېرەك.

**2. مۇچ كىندىكى چىرىش:** مۇچ تۈپىدىكى كالتسىينىڭ سۈمۈرۈلۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش سەۋەبىدىن ۋە ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى دورىلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان مېۋىلەردە ئاسانلا كىندىك چىرىش كېسەللىكى كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: ① ئازوتلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش بىلەن بىللە، كۆپ ئونۇملۇك ئوغوتلارنى بىر قېتىمدا كۆپ بەرمەسلىك كېرەك. ② تۇپراقنىڭ قۇرغاقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ③ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم 0.1% ـ 0.3% لىك كالتسىي خىلور ئېرىتمىسىنى ياكى لۈفېنۋېي ـ 3 قاتارلىق كالتسىيلىق ئوغۇتلارنى ئۈدا پۈركۈسىمۇ بولىدۇ.

**3. ئاپتاپ چېقىۋېتىش:** ئاساسلىقى شاخ ـ يوپۇرماقلارنى ئېغىر پۇتۇۋەتكەنلىكتىن، مېۋىگە كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشۈشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى: مېۋىگە كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ۋاقتىدا سۇغىرىپ، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (03)

# بەرەڭگىدىكى كېيىن يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئابدۇراخمان ئىدرىس
(باي ناھىيە قاراباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 842300)

1. بەرەڭگىدىكى كېيىن يۇقۇملىنىش كېسىلى ئاساسلىقى كېسەللىك زەمبۇرۇغى بار بولغان بەرەڭگىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئۇرۇقنى دورىغا چىلاش ئارقىلىق كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتقىلى، تۈپتىن كونترول قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. ئەمما بىر خىل كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك سورتلارنى ئۇدا تېرىسىمۇ ئاسانلا كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ، شۇڭا كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى سورتلارنى ئالماشتۇرۇپ تېرىشقا دىققەت قىلىش لازىم. (1) ئادەتتە مىكروپسىز ئېتىزلارنىڭ ئايرىش ئارىلىقىنى ئادەتتىكى چوڭ ئېتىزلاردىن يىراقراق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېسەللىك زەمبۇرۇغلىرىنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئۇرۇقلۇق بەرەڭگىنى يىغقاندا كېسەللەنمىگەنلىرىنى تاللاپ، ئايرىم ساقلاپ ئۇرۇق قالدۇرۇش لازىم.

2. ئۇرۇقلۇق بەرەڭگىنى 50% لىك كاربېندازىم (多菌灵) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ئۇرۇقنى چىلاش ياكى 200 ھەسسىلىك فورمالىن (福尔马林) ئېرىتمىسىگە ئۇرۇقنى چىلاپ ئارقىدىن بىر يەرگە دۆۋىلەپ مەھكەم يېپىپ، ئىككى سائەت دۈملىگەندىن كېيىن ئاندىن سالقىن جايدا قۇرۇتۇش لازىم.

3. تېرىشتىن بۇرۇن كېسەللەنگەن بەرەڭگىلەرنى ئىلغاپ چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق، ئېتىزدا كېسەل تۈپچىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېيىنكى ئۆسۈش مەزگىلىدە كۆپرەك توپا يۆلەش ئارقىلىق ھەرىكەتچان سپورا خالتىلىرىنىڭ بەرەڭگىگە كېسەل يۇقتۇرۇشىنى ئازايتىش لازىم. كېسەللىك كۆپ كۆرۈلگەن يىللىرى بەرەڭگە پىلەكلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئورىۋېتىپ، ئاندىن بەرەڭگىنى يىغىش ئارقىلىقمۇ كېسەللەنگەن تۈپچىلەر بىلەن بەرەڭگىنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىپ، كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

4. ئېتىزلاردا كېسەللىك كۆرۈلگەندە دەرھال كېسەللەنگەن تۈپچىلەرنى يۇلۇۋېتىش لازىم ھەمدە 25% لىك جياشۇاڭلىڭ (甲霜灵) نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭدىن باشقا لېدومىر (雷多米尔)، جياشۇاڭلىڭمېڭشىن (甲霜灵锰锌)، جياشۇاڭتوڭ (甲霜铜) قاتارلىق دورىلارنىمۇ تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. (02)

# كۆممەقوناق كېپىنەكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلغۇنچەم رېھمجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 835100)

كۆممەقوناق كېپىنەكى بىر يىلدا ئىككى ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئىككىنچى ئەۋلادنىڭ زىيان سېلىشى ئېغىر بولۇپ، ئادەتتە كۆممەقوناق مەھسۇلاتىغا سالىدىغان زىيىنى 10%، ئېغىر بولغاندا 30% ـ 50% كە يېتىدۇ. كۆممەقوناقتا 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا قوناق كېپىنىكىنىڭ قورچىقى پەيدا بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قورچىقى يېتىشكەن ھاشاراتكە ئايلىنىدۇ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئەۋج ئالىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە زىيان سالىدۇ، بۇ مەزگىل كۆممەقوناقنىڭ يوپۇرماق بىلەن باشاق چىقىرىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە زىيان سېلىشى ئېغىر بولىدۇ، بۇ مەزگىل كۆممەقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆممەقوناق غولىنىڭ ئىچىدە قورچاققا ئايلىنىپ، 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىككىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسى زىيان سېلىشقا باشلايدۇ. دەسلەپكى تۇخۇمنىڭ لىچىنكا قۇرتى كۆپرەك ئىچ يوپۇرماققا كىرىۋېلىپ زىيان سېلىپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، قۇرغاقچىلىق يىللىرى 15 ـ 20 كۈن بالدۇر بايقاپ، بالدۇراق تېخنىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كۆممەقوناق تېرىيدىغان ئېتىزلارنى كۈزدە 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش ۋە مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا چىرىتىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، كۆممەقوناق دەسلەپكى يۇقۇملىنىش مەنبەسىنى ئازايتىش لازىم. (2) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارغا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم. (3) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش، فوسفورلۇق ئوغۇتنى كۆپ بېرىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈك تۈپىنىڭ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتقا چىداملىقىنى كۈچەيتىش لازىم. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولسا پات ـ پات يەڭگىل سۇغىرىش لازىم. (4) كۆممەقوناقنىڭ كانايچە يوپۇرماق مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە لورىسبان (乐斯本) ياكى رۇيجىڭتى (锐竟替) دورىسىنى 3 ـ 5 كىلوگىرام قۇم ياكى ھەرە كېپىكىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يالتىراق بوتۇلكىغا قاچىلاپ، بوتۇلكا ئېغىزىغا بىر نەچچە تۆشۈك ئېچىپ، ھەربىر تۈپىنىڭ ئىچ يوپۇرمىقىغا چېچىش كېرەك. (03)

# كىشمىش ئۈزۈم سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئىسكەندەر يۈسۈپ
(قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 839000)
رۇقىيەم ئاخمول
(قۇمۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 839000)

**1. پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى:** (1) چىرىمىگەن ئېغىل ئوغۇتىنى ئىشلەتسە، ئوغۇتنى ئۈزۈم ۋاقتىدا قوبۇل قىلالماي، سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (2) توڭ ياتقۇزمىسا، توپا بىلەن كۆمگەندە توپىنىڭ قېلىنلىقى يېتەرلىك بولمىسا، ئۈزۈمنىڭ شاخلىرى ۋە يىلتىزى ئۈششۈپ، يىلتىزنىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (3) سۇغىرىش، ئوغۇتلاش مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، يىلتىزنىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، ھاۋا ئىسسىغاندا تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارلىنىشى تېزلىشىپ، شور ئۆرلەپ، ئۆسۈملۈكلەر تۆمۈر ئېلېمېنتىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقتىن، ئۈزۈمنىڭ سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (4) ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشكە سەل قاراش، قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇتنىلا ئىشلىتىپ، فوسفور، كالىي ۋە باشقا مىكرو ئوغۇتلارنى تەڭشەپ ئىشلەتمىگەنلىكتىن، ئۈزۈمنىڭ سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (5) مېۋىنى كۆپ قالدۇرۇپ، شاخلارنىڭ ئۇچىنى بالدۇر ياكى كۆپ ئۈزگەندە، قوشۇمچە شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى كۈچەيتىپ، تۆمۈرنىڭ سۈمۈرۈلۈشى يېتەرلىك بولماي، ئۈزۈمنىڭ سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (6) ئۈزۈمنى كۆمۈپ ئېتىيازدا ئاچقاندا، شاخلار كۆپ زەخىملەنسە ئۈزۈمنىڭ سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2. سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىرى:** ئۈزۈمدە سارغىيىش كېسىلى پەيدا بولغاندا يېڭى يوپۇرماق يېشىللىقىنى يوقىتىپ، ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ، چېچەك، مېۋە ئاسان تۆكۈلىدۇ.مېۋىنىڭ چوڭىيىشى ئاستا، دانىسى كىچىك، يېڭى شاخلار ئىنچىكە، پىشىشى ناچار بولۇپ، سوغۇققا چىداملىقى ئاجىزلايدۇ. سارغىيىش كېسىلى شۇ يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن،كېيىلەر يىللىق مەھسۇلاتقا ۋە مېۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ھەر مو يەرنى 0.5 كىلوگىرام تۆمۈر

# يازنىڭ قوغۇنىدىكى بىنورمال ئالامەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى

ئالىم ھەبىبۇل      ئابابەكرى كېرەم
(پىچان ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838200)

1. قوغۇن مايسىسىدا بوغۇم ئارىلىقى ئۇزۇن، يوپۇرماق نېپىز، يوپۇرماق رەڭگى سۇس يېشىل بولۇش، بويىغا زورلاپ ئۆسۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، زىچلىقىنى تەڭشەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاز سۇغىرىپ، نەملىك ۋە كېچىلىك تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

2. سۇ كەمچىل بولۇش، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش سەۋەبىدىن يوپۇرماق قورۇلسا، سايە چۈشۈرۈش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، ۋىرۇس كېسەللىكىنى كونترول قىلىش، بىيولوگىيەلىك دورىلار بىلەن قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

---

(Ⅱ) سولفات، بەش كىلوگرام كۈنجۈرە، 100 كىلوگرام مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە مۇۋاپىق مىقداردا چىرىگەن توخۇ مايىقى، گەندە قاتارلىق تېز ئۈنۈملۈك ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. (1) تۇپراقنى يۇمشىتىپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش؛ (2) ئۈزۈمنى ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، تىمەن ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) بىخ يىمىرىش، ئۇچىنى ئۈزۈش، ھارام شاخلارنى پۇتاش ئارقىلىق، تۆمۈر ئېلېمېنتىنىڭ خورىشىنى ئازايتىپ، فوتوسىنتېز رولىنى كۈچەيتىپ، سارغىيىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (4) %0.3 ـ %0.5 لىك تۆمۈر (Ⅱ) سۇلفاتقا %0.5 لىك ئورىيا ۋە %0.2 ـ %0.3 لىك كالىي ھىدرو فوسفاتنى ئارىلاشتۇرۇپ يوپۇرماققا پۈركۈش؛ (5) %2 ـ %5 لىك تۆمۈر (Ⅱ) سۇلفاتنىڭ ئېرىتمىسىنى 3 ـ 4 كۈن ئېچىتىپ، ھەربىر تۈپكە 3 ـ 4 كىلوگرام قويۇپ سۇغىرىش؛ (6) ئۈزۈمدىكى ئاق تۇزان كېسىلى، ساپاق قۇرۇش كېسىلى، تىۋىتلىق قاپارتما كېسىلى، ئاق تومۇزغا كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئۈزۈمگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

3. بوغۇم ئارىلىقى قىسقا، يوپۇرماق رەڭگى سۇس، غولى ئىنچىكە، ئۆسۈش ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە قاندۇرۇپ سۇغىرىش، ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك.

4. يوپۇرماق چوڭقىيىۋاتقاندا سارغايسا يورۇقلۇقنى كۈچەيتىش، رېتسىپلاپ ئوغۇتلاش كېرەك.

5. غولى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى نېپىز ھەم يۇمشاق بولۇش، يوپۇرماق سارغىيىش ياكى رەڭگى سۇس بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، ئېلىشتا پىلەك تاراپ، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، كېچىلىك تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

6. چېچەكلەش ۋاقتى قىسقا، گۈل تاجىسى تېز قۇرۇش بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، ئاز مىقداردا كۆپ قېتىم سۇغىرىپ، نەملىكنى ئاشۇرۇپ، پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش، شارائىت يار بەرسە تېمىتىپ سۇغىرىپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ، نەملىكنى ئاشۇرۇش كېرەك.

7. قوغۇن تورلاشقاندا، چېچەكتىن قوغۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە بىر تال چوڭ يېرىق پەيدا بولسا، ئازوتلۇق ئوغۇتنى كونترول قىلىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاشنى كېچىكتۈرمەسلىك، سۇنى كونترول قىلىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ رولىنى تەڭشەش، قوغۇننى ئۈزۈشتىن بۇرۇن سۇنى توختىتىش كېرەك.

8. غەيرىي شەكىللىك خەمەكلەش چاڭلىنىش نورمال بولماسلىق سەۋەبىدىن كۆرۈلسە، قوغۇننىڭ خەمەكلەش ئورنىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش، خەمىكى توختاش مەزگىلىدە مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، سۇغىرىش ئارقىلىق پىلەكنىڭ بالدۇر ئاجىزلىشىشنى كونترول قىلىپ، يۇپۇرماق قىسمىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. (03)

# يازنىڭ كۆكتاتلىرىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

پاتىمە توختىتۆمۈر
(خوتەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 848000)

**1. كۆكتاتلاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلى: بۇ كېسەللىك ئاساسەن يوپۇرماقتا كۆرۈلىدۇ، غول، شاخ، مېۋىلەردىمۇ ئازراق كۆرۈلىدۇ، دەسلەپتە يوپۇرماقتا قارا رەڭلىك چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ، ئېغىرلاشقاندا بولسا چېكىتلەر يوغىناپ ئاخىرىدا يوپۇرماق قۇرۇپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە تىرىزىمان (代森锰锌) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش، ئېغىرلاشقاندا 800 ھەسسىلىك داكونىل (百菌清) ئېرىتمىسىنى ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش لازىم. (2) كۆلرەڭ پاختىلىنىش كېسىلى: دەسلەپتە شوخلا غول قىسمىدا پاختىلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، كېيىن مېۋىسى ساپىقىدىن سېسىشقا باشلايدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن 40% لىك داكونىل ئىسلاش دورىسى بىلەن ئىسلاش، كېيىن 50% لىك راۋرال (扑海因)نى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. (3) يوپۇرماق پاختىلىنىش كېسىلى: ئاساسەن يوپۇرماقتا كۆرۈلىدۇ، ئېغىرلاشقاندا كېسەللىك دېغى پۈتۈن يوپۇرماققا كېڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق قورۇلۇپ قۇرۇيدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە 40% لىك تېرمىل بىلەن ئىسلاش لازىم. كېيىن ئامىشىدا (阿米西大) نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈش لازىم.

**2. مۇچىتىكى ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كۆيدۈرگە كېسىلى: يۇمران مايسا مەزگىلىدە يىلتىز ۋە غول قىسمى قارىداپ چىرىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن تۈپىنىڭ قۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەللىك تارقىلىشچان كېسەللىك بولۇپ، سۇ ئارقىلىق تارقىلىدۇ، ئۇدا مۇچ تېرىغان ئورۇندا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا، 25% لىك مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) نى 800ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. (2) ۋىرۇس كېسىلى: تۈپىنىڭ ئەڭ ئۇستۈنكى يوپۇرمىقىدىن باشلاپ كېسەللىنىدۇ. ئۇستۈنكى يوپۇرماق دەسلەپتە سەل سارغىيىپ، كىچىكلەيدۇ ياكى تورلىدۇ، قېلىنلايدۇ. يوپۇرماق تومۇرلىرى روشەن كۆرۈنىدۇ، ئېغىرلاشقاندا مېۋىسى كىچىك ھەم قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: 20% لىك ۋىرۇس A پاراشوكىنى 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 1.5% لىك جىزبىڭلىڭ (植病灵) نى 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. (3) يېتىپ كېتىش، تىك قۇرۇش، يىلتىز چىرىش كېسىلى: ھەممىسى مايسا مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. بۇنى تۆۋەن تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ 75% لىك تېرمىلنى 100 - 800 ھەسسىگىچە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم.

**3. پىدىگەندىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كۆلرەڭ پاختىلىنىش كېسىلى: زىيان سېلىش ئالامىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى شوخلا كۆلرەڭ پاختىلىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. (2) ئاق توزان كېسىلى: ئاساسەن يوپۇرماققا زىيان سېلىپ، ئېغىرلاشقاندا غول ۋە شاخلىرىغىمۇ يۇقىدۇ. ئاق توزان قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ يوپۇرماق سارغىيىپ ئۆلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، يېنىك پەيدا بولغاندا ئامىشىدانى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش، ئېغىر بولغاندا 10%لىك شىگاۋ سۇدا تارقىلىشچان دورىسى (世高水分散剂) نى 2500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم.

**4. تەرخەمەكتىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىروسىمان پاختىلىنىش كېسىلى: دەسلەپكى مەزگىلدە تەرخەمەك يوپۇرمىقىدا سۇلۇق قاپارتمىغا ئوخشاش ئاچسېرىق كىچىك داغلار پەيدا بولىدۇ، داغ چوڭايغاندىن كېيىن يوپۇرماق ئەتراپىدا ئاچ سېرىق بىلەن قوڭۇر رەڭ ئارىلىقىدا كۆپ بۇرجەكلىك داغ پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەل پارنىكنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتى ناچار، نەملىك يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا ئاسان پەيدا بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: (1) كېسەللىككە تاقابىلچان تەرخەمەك سورتلىرىنى تاللاپ تېرىش، پەرۋىشىنى كۈچەيتىش، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ كېسەللىككە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. (2) 45% لىك داكونىل ئىسلاس دورىسىنى ھەر مو پارنىكقا 250 گىرامدىن 4 - 5 يەرگە بۆلۈپ بىر كېچە ئىسلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن 500 ھەسسىلىك ساندوفان (杀毒矾) نى تەكشى پۈركۈش لازىم.

**5. كۆكتاتلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** پارنىك كۆكتاتلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئاق توزان پىت، كۆك پىت، تاغىل چىۋىن قاتارلىقلار بار، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا: (1) مايلىق يېپىشقۇلەك، سامساق قاتارلىق ئاق توزان پىتنى ياقتۇرمايدىغان كۆكتاتلار بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش لازىم؛ (2) پارنىك ئىچىنى ھەم قىلىپ 4 - 5 يەرگە سامان دۆۋىلەپ، ھەر بىرسىگە 20 گىرام د د ۋ قويۇپ ئوت يېقىپ، يېرىم سائەت ئىسلىغاندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىم. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ خىل زىيانداشنى يوقىتىشتا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ؛ (3) ئاق توزان پىت بىلەن تاغىل چىۋىنگە قارىتا، ئۇلارنىڭ سېرىق رەڭگە ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق رەڭلىك تاختاينى كۆكتاتتىن 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەلپ قىلىپ يوقىتىش لازىم. (4) 1.8% لىك ئاۋېيمېتىسىن (阿维菌素) نى 1000 - 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. (03)

# سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى

مەمەتئېلى ئەمەت
(لوپ ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 848200)

1. سۇ تېجەش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ، ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىدىكى يېڭىچە تېخنىكىلىق سۇ ئىشلىتىش، سۇ تەقسىملەش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، سۇ تېجەش خاراكتېرىدىكى دېھقانچىلىقنى بەرپا قىلىپ، چەكلىك سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش لازىم.

2. سۇ ئىشلىتىشتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش كېرەك، سۇ باشقۇرغۇچى ئورۇنلار مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سۇنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3. سۇچىلىقتا سېلىنمىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ھەر خىل سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىشلىنىشىنى تېزلىتىش، سۇغىرىش سۈيىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ كاپالىتى. شۇڭلاشقا، ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئوبدان ماسلىشىپ، سۇغىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

4. پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ سۇچىلىقنى، يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تېمىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىپ، سۇنىڭ ئۈنۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، يېزا ـ ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ماسلىشىپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سۇ ئىشلىتىش زىددىيىتىنى ھەل قىلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى چىڭ تۇتقاندا، سۇنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (05)

# كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك

خەمىتجان ئەسقەر
(توققۇزتارا ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 845400)

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، سۇچىلىق ئەسلىھەلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتىنى قوغداشتا ھەر ۋاقىت بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغان مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تۆردىكى خىزمەتكە ناھىيەدىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئەتىياز پەسلىدە بىر قېتىم جىددىي يىغىن ئېچىپ، بىر قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ قويۇپلا، بۇ خىزمەتنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

1. بەزى ئورۇنلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ئەتىيازدا قار ـ مۇزنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن پەيدا بولىدىغان كەلكۈن ئاپىتى دەپ قاراپ، مۇشۇ بىر مەزگىللىك خىزمەتكە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپلا، باشقا مەزگىللەردە بۇ خىزمەتكە سەل قارىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئايرىم تاغلىق رايونلاردا ياز پەسلىدە ياغقان قار يامغۇرنىڭ تەسىرىدە تاغ گۈمۈرۈلۈپ، توسۇلۇپ قالغان كەلكۈن سۇلىرى ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيان سالدى.

2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى سۇ قانۇنىنىڭ 35 ـ ماددىسىدا: «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئىشلەش كېرەك. بارلىق ئورۇنلار بىلەن شەخسلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەپسۇسكى بۇ تۆردىكى خىزمەتلەر ۋە تەشۋىق ـ تەربىيە يېتەرسىز بولغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە سەل قارايدىغان، شۇنىڭ بىلەن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلاردا ئۆز ـ ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان، ھەتتا جىددىي پەيتتە كەلكۈن بىلەن كۆرەش قىلىشقا توغرا كەلسە، ئىش ھەققى تەلەپ قىلىدىغان ناچار ئەھۋاللار مەۋجۇت بولماقتا.

3. ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماي، بۇيرۇقۋازلىق بىلەن

ئىش بېجىرىش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولماقتا. يەرلەرنى 30 يىللىق ھۆددىگە بەرگەن مەزگىلدە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش، قوغداش رايونلىرىنى قوزۇق قېقىپ ئېنىق ئايرىپ، يەر كىنىشكىسى قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى تولۇق بېجىرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بەزى جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئېرىق - ئۆستەڭ بويىدىكى باشقۇرۇش، قوغداشقا ئاجراتقان يەرلەرنى باشقىلارغا كۆتۈرەگە بېرىش، قۇرۇلۇش سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ياكى سېتىپ بېرىپ، كەسپىي تارماقلارنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى ھەتتا ھەر يىلى دىگۈدەك، كەلكۈن ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدە يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاردىن تاش - تۇپراق ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولماي، سىرتتىن توشۇپ كېلىشتەك ئاۋارىچىلىق تۇغۇلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر بولغانلىقتىن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مال - مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا ئاساسىي قاتلام خەلق ھۆكۈمەتلىرى، بۇ خىزمەتنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كەلكۈن،قۇرغاقچىلىق ئاپىتى جەھەتتىكى ئالدىنئالا بەرگەن مەلۇماتلىرىغا دىققەت قىلىپ، كونكرېتنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى ئالدىنئالا تەييارلاش،كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان خەتەرلىك ئورۇنلارنى ۋاقتىدا مۇستەھكەملەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يوشۇرۇن خەۋپ ساقلانغان خەتەرلىك يەرلەردىكى خەلقنى كۆچۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىش كېرەك.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى بىر مەزگىللىك خىزمەت دەپ قارايدىغان خاتا كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئاپەت يۈز بەرسۇن ياكى يۈز بەرمىسۇن بۇ خىزمەتكە ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. ئادەتتە قوماندانلىق ئىشتابىنى ناھىيەدىلا قۇرماي، يېزا - كەنتلەردىمۇ مەسئۇل بۆلۈمچىلىرىنى قۇرۇپ، كۈندىلىك خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەردائىم ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە تەييار تۇرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. (05)

# بېتونلۇق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساشنىڭ ئالدىي ئۇسۇلى

ئىلھام قاھار
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ تېجەشنى مەقسەت قىلغان بېتون بىلەن سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش ھازىر جايلاردا كەڭ تۈردە قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل بولۇپ، سۇنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 95% گە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بېتونلۇق سىڭمەس ئۆستەڭ ياساشتا، ئالدىن تەييارلانغان بېتون تاختا بىلەن ياسالغان ئۆستەڭ بولسۇن ياكى بېتونلۇق لايىنى ئۆستەڭ ئىچىگە بىۋاستە ياتقۇزۇپ ياسالغان ئۆستەڭ بولسۇن، ئومۇمەن ئۆستەڭ شەكلى كۆپ ھاللاردا تىراپېتسىيە شەكىللىك ياسىلىدۇ. ئۆستەڭ ئىچىگە لايىنى بىۋاستە ياتقۇزۇپ ياساش ئۇسۇلى غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئالدىن تاختا تەييارلاپ ياساش ئۇسۇلى ئوق ئۆستەڭلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. U شەكىللىك ئۆستەڭ بولسا ئوق ئۆستەڭدىن تۆۋەن كىچىك ساخاپچە ۋە سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بېتونلۇق ئۆستەڭ ياساشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ئەگەر سۇ ئېقىۋاتقان كونا ئۆستەڭ بولسا، ئالدى بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئورۇنلىرىنى تۈزلەپ، پۇتلاشقان دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاش لازىم.

2. ئەگەر يېڭىدىن ياسالغان ئۆستەڭ بولسا، مەيلى قېزىپ چىقىلىدىغان ياكى تىندۇرۇپ ياسالغان ئۆستەڭ بولسۇن، توپا قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل سۇ ئاققۇزۇپ ئۆستەڭ ئىچىنى چىڭداش لازىم.

3. ھەر 50 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن كېسىك يۈزى 30×30 سانتىمېتىر بېتونلۇق بوسۇغا ياساپ، ئۆستەڭ ئىچىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى كونترول قىلىش لازىم.

4. ئۆستەڭ ئىچىگە بېتون لاي ياتقۇزۇپ ياسالغان ئۆستەڭ بولسا تاپانىڭ قېلىنلىقى 8 - 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئاتكۇسقا (يانتۇلۇققا) ياتقۇزۇلغان بېتوننىڭ قېلىنلىقى 6 - 8 سانتىمېتىر بولۇپ، بېتون 200 - نومۇرلۇق بېتون بولىشى كېرەك . ھەر 2 - 4 مېتىر ئارىلىقتا ئىككى سانتىمېتىرلىق توغرا چاك قويۇپ، قارا مايىنى قازاندا ئېرىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ توغرا چاكنى تولدۇرۇش لازىم.

5. بېتونلۇق لاي ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن 20 - 30 سانتىمېتىرلىق ئارىلاشما شېغىل ياتقۇزۇپ، بېتون تاختىنىڭ ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى-

# بۇلغانما سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى

سەمىجان ئابلا
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۇ ئېلېكتىر ئۆلچەپ لايىھەلەش ئىدارىسىدىن 845350)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، سۇ مۇھىتى جانلىقلار چەمبىرىكى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەردە پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەھدىتكە ئۇچراپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە ساغلام تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب تۆۋەندىكى ئامىللاردىن بولۇۋاتىدۇ.

**1. تۇرمۇش ئەخلەتلىرىدىن بۇلغىنىش:** ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئائىلىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ۋە بۇلغانما سۇلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئائىلىلەردە، ئىدارە ـ ئورگان، سودا ـ سېتىق شەھىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا بىر قەدەر ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ساندىكى ناھىيە، شەھەرلەردە سۇ چىقىرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تېخى تولۇق مۇكەممەللەشمىـ

---

نى ئېلىش لازىم. شېغىلنىڭ ئۆلچىمى 2 ـ 4 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ.

6. ئۆستەڭ قېشىنىڭ ئۈستىگە ۋە ئىككى تەرىپىگە كەڭلىكى 30 سانتىمېتىرلىق، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىرلىق باستۇرما بېتون تاختا ياساپ، يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ بېتون تاختا ئىچىگە ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئادەتتە باستۇرما تاختىنىڭ تېگىگە 6 ـ 10 سانتىمېتىرلىق شېغىل ياتقۇزۇش كېرەك.

7. ئالدىن تەييارلانغان بېتون تاختىنىڭ ئۆلچىمى 30×50، 40×40، 30×40 سانتىمېتىر بولىدۇ.

8. U شەكىللىك تاختىنىڭ قېلىنلىقى 6 ـ 8 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

9. بېتوننىڭ يۈزى ناھايىتى سىلىق، تۈز بولۇشى لازىم.

10. ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن 10 كۈن سۇ چېچىپ چىڭداش لازىم. قىش مەزگىلىدە سۇ توڭلاشتىن بۇرۇن ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى توختىتىپ ئاسراشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

گەنلىكتىن، بۇلغانغان سۇلار ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريا ـ ئېقىنلارغا قويۇپ بېرىلىپ، بىۋاستە بۇلغىنىشنى ئېغىرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تەسىرگە ئۇچرىتىپ، ئىچىملىك سۇنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

**2. سانائەتتىكى كىرەكسىز سۇدىن بۇلغىنىش:** بۇ ئاساسلىقى تېخنولوگىيە جەريانىدا چىققان سۇلار، ماشىنا ئەسۋابلارنى سوۋۇتۇشقا ئىشلەتكەن سۇلار، ئىس ـ تۈتەك يۇغۇچى سۇلار، ئۇسكۇنە ۋە مەيدانلارنى تازىلىغان سۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىر قىسىم كارخانىلارنى جەلپ قىلدى، بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى خىمىيە ـ سانائەت كارخانىلىرى بولۇپ، بەزى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئەسلىھەلىرى ناچار بولغاچقا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ئېغىر بۇلغىنىش ئېلىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم سانائەت ئورۇنلىرى بۇلغانغان سۇلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلماي، بۇلغانغان ناچار سۇلارنى دەريا ـ ئېقىنلارغا، شەھەر سۇ مەنبەلىرىگە يېقىن يەرلەرگە قويۇپ بېرىپ، شەھەردىكى تۇرۇبا سۈيىنىڭ تەمىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا ئېغىر تەھدىت سالماقتا.

**3. شەھەر ئېقىنلىرىدىن بۇلغىنىش:** شەھەر ئېقىنلىرىنىڭ بۇلغىنىشى ئاساسلىقى قار ـ يامغۇر شەھەر ئاتموسفېراسىدىكى بۇلغانمىلارنى ۋە قۇرۇلۇش، يەر يۈزى، چىقىرىندىلار، ئەخلەتلەرنى يۇيۇشتىن پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ خىل بۇلغانما سۇ پەسىل ئۆزگىرىش ۋە تەركىبى كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

**4. بۇلغانما سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش:** (1) شەھەر بۇلغانما سۇلىرى تەركىبىدە كۆپ مىقداردا لەيلىمە ماددىلار بار بولۇپ، فىزىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ خىل بۇلغانمىلارنى چىقىرىپ تازىلاش بىرىنچى دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىشتا بۇلغانما سۇدىكى كۆپ قىسىم ئەخلەتلەر ۋە چوڭراق لەيلىمە بۇلغانمىلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، BOD5 چىقىرىپ تاشلاش ئۈنۈمى

25% ـ 40% كە يېتىدۇ. شەھەر بۇلغانما سۇلىرىنى قايتا ئىشلىتىشتە بىرىنچى دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى سۇنىڭ ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، مەسىلەن: بىر تەرەپ قىلىماقچى بولغان بۇلغانما سۇغا سانائەت بۇلغانمىلىرى ئارىلاشمىغان تۇرمۇش بۇلغانما سۇيى بولغان بولسا ياكى تەركىبىدە ئېغىر مېتال بولمىسا، بىرىنچى دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئېتىز ـ ئېرىق سۇغىرىش، بېلىق بېقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. (2) شەھەردىكى بۇلغانما سۇلارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش: ئاساسلىقى ھاۋا ئۆتكۈزۈش كۆلچىكى، ھاۋا ئۆتكۈزۈش سىستېمىسى، ئىككىنچى قېتىملىق تىندۇرۇش كۆلچىكى، بۇلغانما پاتقاقنى تازىلاش سىستېمىسى، ئېشىندى بۇلغانما پاتقاقنى قويۇپ بېرىش قاتارلىقلار بولىدۇ. بۇ باسقۇچلار ئىچىدە ھاۋا ئۆتكۈزۈش كۆلچىكى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تىندۇرۇش كۆلچىكى ئىككىنچى قېتىملىق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. (3) شەھەردىكى بۇلغانما سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنولوگىيەسى ئاساسلىقى شەھەرنىڭ سۇ مۇھىتى سۈپەت تەلىپى، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېخنىكا ـ ئىقتىدار، شەھەرنىڭ ئىقتىساد ۋە شەھەر باشقۇرۇش تەلىپى قاتارلىق كۆپ ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قوللىنىلماقچى بولغان تېخنولوگىيەنى بەلگىلەشتىن بۇرۇن چوقۇم ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىزدە A ـ O ياكى A ـ A ـ O تېخنولوگىيەسى، SBR تېخنولوگىيەسى، ئوكسىدلىنىش ئازگىلى قاتارلىقلار قوللىنىلىۋاتىدۇ. A ـ O ياكى O ـ A ـ A تېخنولوگىيەسى ئاساسلىقى نىتراتسىزلاشتۇرۇش ۋە فوسفورسىزلاشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. SBR تېخنولوگىيەسى ئاساسلىق بىرلا كۆلچەك بولۇپ، ھاۋا ئۆتكۈزۈش كۆلچىكى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تىندۇرۇش كۆلچىكىنىڭ رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ. باشقۇرۇش قولايلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ـ كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ بۇلغانما سۇينى بىر تەرەپ قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بۇلغانمىلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرىنچىدىن، تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىككىنچىدىن، كېرەكسىز سۇلارنى تىزگىنلەپ، بۇلغانمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتىش لازىم. (05)

# كەپتەردە كېسەللىك قوزغايدىغان مۇھىم ئامىللار ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش

ئايشەمگۇل ئۇبۇل
(مارالبېشى ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن 843800)

كەپتەردە كېسەللىك قوزغايدىغان ئامىللار ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش كەپتەر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. كەپتەردە كېسەللىك قوزغايدىغان ئامىللارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

**1. مىكرو ئورگانىزملار:** مىكرو ئورگانىزملار تەبىئەتكە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى تۇپراق، سۇ، ھاۋا قاتارلىقلاردا ساقلىنىدۇ. كېسەللىك قوزغايدىغان مىكرو ئورگانىزملار ئاساسلىقى باكتېرىيە، ۋىرۇس، زەمبۇرۇغ، مىكوپلازما قاتارلىقلارنى ئۆزى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، كېسەللىك قوزغاش كۈچى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، كەپتەرنىڭ نەسلى، جىنسى، يېشىغا قارىتا تاللاش ئىقتىدارى بولىدۇ. كېسەللىك قوزغايدىغان مىكرو ئورگانىزملار ئورگانىزمنىڭ كىرىش يولى، كېسەللىك قوزغاش يوشۇرۇن دەۋرى، كېسەللىك ئالامىتى، كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى پەرقلىق بولىدۇ. كەپتەلەر كەپتەر ۋاباسى، يۇقۇملۇق زۇكام، چېچەك، مارېك كېسەللىكى، سالمونېللا تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىكى، خولېرا كېسەللىكى، خىلامىدىيە كېسەللىكى، ئۆزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە كېسەللىكى بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ. كېسەللىك قوزغايدىغان مىكرو ئورگانىزملارنى تىزگىنلەشتە كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىش، يۇقۇش يولىنى ئۈزۈپ، تازىلىق دېزىنفېكسىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، قەرەللىك ۋاكسىنا ئەملەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**2. پارازىت قۇرتلار:** پارازىت قۇرتلار ئاساسلىقى يەم، ماياق، سۇ، بېقىش سايمانلىرى ۋە سىرتتىن كەلگەن كەپتەرلەر بىلەن يېقىنلىشىشتىن يۇقىدۇ. كەپتەرلەر ئاساسلىقى كوكسىدىيوز، ئاسكارىدوز، تامچە قۇرت، تاسما قۇرت ۋە تاشقى پارازىتلار بىلەن ئاسان يۇقۇملىنىدۇ. بۇ خىل پارازىت قۇرتلار كەپتەر تېنىدىن ئوزۇقلۇق شوراپ كەمقانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىد-

رىپ، ئۆسۈشنى چەكلەيدۇ، توكسىن ئاجرىتىپ چىقىرىپ، كەپتەرنى زە-
ھەرلەيدۇ، توقۇلمىلارنى مېخانىكىلىق زەخىملەندۈرۈپ، باشقا كېسەللىكلەر
بىلەن يۇقۇملىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پارازىت قۇرتلار بىلەن يۇقۇملى-
نىشنى تىزگىنلەشتە تازىلىق دېزىنفېكسىيەنى ياخشى ئىشلەش ۋە قەرەل-
لىك قۇرتسىزلاندۇرۇش، بىر تۇتاش كىرگۈزۈش، بىر تۇتاش قولدىن چىقى-
رىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**3. زەھەرلىك ماددىلار:** زەھەرلىك ماددىلارنىڭ تۈرى، كېلىش مەنبەسى
كۆپ خىل بولىدۇ. زەھەرلىك ماددىلار ئاساسلىقى زەھەرلىك ماددىلار بىلەن
بۇلغانغان يەم ۋە سۇ ئارقىلىق كەپتەر بەدىنىگە كىرىدۇ. يەم - خەشەك،
زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەريانىدا ھاشارات يوقىتىش دورىلىرى
چېچىلغان، بۇلغانغان تۇپراقتا ئۆسكەن، بۇلغانغان سۇ بىلەن سۇغىرىلغان
يەم - خەشەك، زىرائەتلەردە زەھەرلىك ماددىلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن
بولىدۇ. يەم - خەشەكلەرنى ساقلاش نامۇۋاپىق بولغاندا يەم - خەشەك سۈ-
پىتى ئۆزگىرىپ، ئاخلا توكسىن قاتارلىق زىيانلىق ماددىلار ھاسىل بولىدۇ.
ماياقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش نامۇۋاپىق بولغاندا، كەپتەرخانىلاردا كاربون
(Ⅳ) ئوكسىدى، ھىدروسولفىد، ئاممىياك قاتارلىق زىيانلىق گازلار پەيدا
بولىدۇ. مالدوختۇرلۇق دورىلىرىنى ئىشلىتىش مىقدارى زىيادە، ئىشلىتىش
ئۇسۇلى نامۇۋاپىق بولغان كەپتەرلەر ئاسان زەھەرلىنىدۇ. كەپتەرلەرنى ھەرە،
يىلان ئاسان چېقىۋالىدۇ. زەھەرلىك ماددىلارنى تىزگىنلەشتە ئاساسلىقى ھا-
شارات يوقىتىش دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش، يەم - خە-
شەكلەرنى مۇۋاپىق ساقلاش، ماياق قاتارلىق چىقىرىندىلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىش، مالدوختۇرلۇق دورىلىرىنى ئىشلىتىش مىقدارىنى قاتتىق تىزگىن-
لەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**4. مۇھىت ئامىلى:** مۇھىت ئامىللىرى ئىچىدە قاتتىق شاۋقۇن، چاڭ-
توزان ۋە يورۇقلۇق، تېمپېراتۇرا، نەملىك دەرىجىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى
كەپتەرلەردە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بېقىش باشقۇرۇش تېخ-
نىكىسى كەپتەرلەرنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئادەتتە ئۆلچەملىك دائىرىدە تىزگىنلەش، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش - باشقۇ-
رۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. (02)

# تۇخۇم تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان توخۇلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات قائىدىسى

كەنجىگۈل ئەزىز
(ئاتۇش شەھىرى قارجۇل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845350)

**1. يەم:** بۇ باسقۇچتا بېرىلىدىغان مەخسۇس تۇردىكى يەمنى تاللاش كېرەك. 18 ھەپتىلىك بولغاندا ئوتتۇرىچە يەم مىقدارى ھەربىر توخۇغا ئاق، كۈل رەڭ، قوڭۇر يەم 64 ـ 73 ـ 82 گىرامغا يەتكۈزىلىدۇ.

**2. سۇ:** يېتەرلىك سۇ ئىچىش شارائىتى يارىتىش بىلەن بىرگە سۇنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**3. يورۇقلۇق:** (1) يورۇتۇش ۋاقتىنى 11 سائەتكە يەتكۈزۈش كېرەك. (2) چىراغنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقى ھەر كىۋادرات مېتىرغا ئىككى ۋات بويىچە توغرا كەلسە بولىدۇ.

**4. تېمپېراتۇرا:** تېمپېراتۇرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**5. ھاۋا ئالماشتۇرۇش:** توخۇخانا ھاۋاسىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ۋە غەيرىي پۇراق بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**6. تازىلىق:** ھەر كۈنلىكى توخۇ بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، توخۇ مايىقى، پەيلەرنى ۋە توخۇخانا ئىچىنى پاكىز تازىلاش كېرەك.

**7. باشقۇرۇش:** (1) مۇقىم قەپەز بويىچە توخۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە، 18 ھەپتىلىك بولغاندىكى ئېغىرلىقى 1280 ـ 1420 ـ 1550 گىرامغا يەتكەن توخۇ نىسبىتى 85% دىن يۇقىرى بولسا نورمال بولىدۇ. (2) توخۇ توپى ئىچىدىن ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىرىنى ئايرىپ چىقىپ ئايرىم ئوزۇقلاندۇرۇپ بېقىش، كېسەل، ئاجىزلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك. (3) توخۇلارغا راھەت ۋە ئازادە تىنچ، مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

**8. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** (1) ئەگەر توخۇنىڭ تەن ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە يەتمىگەن بولسا، يېمىگە 1% ـ 2% لىك ئۆسۈملۈك مېيىنى ئاز مىقداردىن كۆپ قېتىم قوشۇپ بېرىپ، ئىشتىيىنى ئېچىش لازىم. (2) توخۇلارنى ياخشى كۆزىتىپ لاياقەتسىزلىرىنى ئايرىپ ئايرىم بېقىپ، كېسەل، ئاجىزلىرىنى ۋاقتىدا بىراك قىلىۋېتىش كېرەك. (3) 18 ھەپتىدە توخۇلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇش نىسبىتى 5% گە يەتكەندە، يۇقىرى ئوزۇقلۇق سەۋىيەدىكى يەمگە ئالماشتۇرۇش كېرەك. (02)

# بوغاز ساغلىقلاردىكى سۆڭەك يۇمشاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئىمىن غوجى
(باي ناھىيە ياتۇر يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 842300)

بوغاز چارۋىلارغا كالتسىي، فوسفورنىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى يەم - خەشەكتىكى كالتسىي، فوسفور نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، بولۇپمۇ قىش ياكى باش ئەتىيازدا چارۋىلارنى ئوت - سامان بىلەنلا بېقىش بوغاز ساغلىقلاردا سۆڭەك يۇمشاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامەتلىرى:** سۆڭەك يۇمشاش كۆرۈلگەن چارۋىلارنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىدۇ، دائىم يېتىۋالىدۇ، ئورۇتقا سۆڭىكى قېتىۋالىدۇ. ماڭغاندا بىر پۇتى ياكى ھەممە پۇتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاقسايدۇ، كېيىنچە پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. يەم - بوغۇز يېمەيدۇ. ئىڭرايدۇ، تومۇر سوقۇشى، نەپەسلىنىشى تېزلىشىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش:** (1) بېقىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئوت - سامان بىلەنلا باقماي، قۇرۇتۇلغان يېشىل ئوت - چۆپ ياكى سىلوس بېرىش كېرەك. (2) يەم - خەشەككە سەدەپ تالقىنى قوشۇپ بېرىش لازىم. (3) بوغاز ساغلىقلارنى كۆپرەك ئاپتاپقا سېلىپ، ۋىتامىن D نىڭ بەدەندە توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كالتسىينىڭ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش لازىم.

**3. داۋالاش:** يېنىك كېسەللەنگەن بوغاز ساغلىققا ھەر كۈنى 10 - 20 تال كالتسىي گىلىكونات تابلېتى (葡萄糖酸钙片) ۋە 10 - 20 تال بېلىق مېيى كاپسۇلىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئىچكۈزۈش ياكى كالتسىي تولۇقلاش ئوكۇلىنى كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر كۈنى 4 - 7 مىللىلىتىردىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىش كېرەك. كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرراق بولسا يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللانغاندىن سىرت، ھەر كۈنى 5% لىك كالتسىي خلور ئوكۇلى (氯化钙注射液) دىن 20 - 50 مىللىلىتىرنى ياكى 10% لىك كالتسىي گىلىكونات ئوكۇلى (葡萄糖酸钙注射液) دىن 30 - 80 مىللىلىتىرنى ئۇدا بەش كۈن ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش، تېنى ئاجىز بوغاز ساغلىقلارغا مۇۋاپىق مىقداردا 50% لىك گىلۇكوزا سۇيۇقلۇقىنى ۋېنادىن ئوكۇل قىلىش كېرەك. (02)

# ئىنەكلەرنىڭ قىسىر قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى

كېرەم بارات
(كورلا شەھىرى تاشدەن بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 841000)

**1. يېقىپ باشقۇرۇشنى ياخشىلاش:** ئاساسلىقى سۈتى تارتىلىش مەزگىلى، بوغازلىق مەزگىلى، سۈت بېرىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە يەم - خەشەكلەرنى مۇۋاپىق تاللاپ، كۈندىلىك يېمىدىكى ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش لازىم. ھەر خىل ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنى ئىنەكنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە بوغۇزنى ئاز بېرىش، يىرىك يەم - خەشەك مىقدارىنى كۆپەيتىش، شىرنىلىك يەم - خەشەكلەرنى بەرمەسلىك، كالتسىي، فوسفور قاتارلىق مىنېراللىق ماددىلارنى تولۇقلاپ بېرىش، بوغازلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئارىلاشما يەم - بوغۇزنى كالا تەن ئېغىرلىقىنىڭ 1% تى بويىچە بېرىش، شۇنداقلا كالتسىينى سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدە بېرىلگەن كالتسىينىڭ يېرىمچىلىك مىقداردا بېرىش، بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بوغۇز مىقدارىنى ئازايتىش، ئىنەك تۇغۇپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بوغۇز مىقدارىنى كالا تەن ئېغىرلىقىنىڭ 0.5% گىچىلىك ئازايتىش ھەم بېرىلىدىغان كالتسىي مىقدارىنى سۈتى تارتىلىش مەزگىلىدىكى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش لازىم. ئىنەك تۇغۇپ 4 - كۈندىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا بوغۇز بېرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، سىلوسنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ بېرىش لازىم. سۈت بېرىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە يەم - خەشەك تەركىبىدىكى قۇرۇق ماددا مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بوغۇز بىلەن قۇرۇق ماددا نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، كۈندىلىك يېمىدىكى ئېنېرگىيەلىك يەم - خەشەك مىقدارىنى ۋە شىرنىلىك يەم - خەشەك مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. يۇقىرىقى بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىنەكنىڭ بالدۇر كۈيلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**2. بوغازلىققا تەسىر قىلىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش:** بوغازلىققا مۇھىت تازىلىقى، قوتاننىڭ پاكىزە ھەم ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشى، بولۇپمۇ مۇھىت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىنەكنى غىدىقلىشى، ھاۋا سوغۇق مەزگىلدە قوتاننى ئىسسىق ساقلاش، تومۇز ئىسسىقتا ئىسسىق ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلار تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە ئىنەكنىڭ ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ، قىسىر قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. بالىياتقۇ ياللۇغلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** ئىنەكنى سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش مەشغۇلاتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇرۇقلاندۇرۇشتىن ئاۋۋال ئىنەكنىڭ سىرتقى جىنسىي ئەزاسىنى، ئۇرۇقلاندۇرۇش ئەسۋابىنى ۋە مەشغۇلاتچىنىڭ قولىنى چوقۇم قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. قېيىن تۇغۇتقا سۇنئىي ئۇسۇلدا ياردەم بەرگەندە دېزىنفېكسىيە ياخشى ئىشلەنمىسە ھەم مەشغۇلات توغرا بولمىسا كېسەللىك مىكروبى ئاسانلا بالىياتقۇ ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بالا ھەمرىيى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بالىياتقۇغا 2 ـ 4 گىرام تېررامىتسىن (土霉素) ياكى 2 ـ 3 گىرام ئاۋرېئومىتسىن (金霉素) نى كىرگۈزۈش كېرەك.

**4. كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالاش:** تۇغۇتتىن كېيىن ئىنەكنى ياخشى بېقىش، كۆندىلىك ئوزۇق نورمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك، تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا ئىنەكنىڭ روھىي ھالىتى، ئىشتىھاسى ۋە تېزىكىگە دىققەت قىلىپ، كېسەللىك كۆرۈلگەن ھامان داۋالىتىش، بولۇپمۇ تۇغۇپ 30 ـ 40 كۈندىن كېيىن بالىياتقۇنى قايتا تەكشۈرۈپ، قايتا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش لازىم. ئادەتتە تۇغۇپ ئىككى ئايدىن كېيىنمۇ كۈيلىمىگەن ھەم ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرۇقلاندۇرسىمۇ بوغاز بولمىغان ئىنەكلەرگە قارىتا سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، كېسەللىك بولسا ۋاقتىدا داۋالاش، زۆرۈر تېپىلسا بىراكلاش كېرەك.

**5. سەھىيە كارانتىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش:** مۇكەممەل دېزىنفېكسىيە تۈزۈمى ئورنىتىپ، كالا ھەرىكەت مەيدانىنى ۋە كالا قوتىنىنى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۈزۈل ـ كېسىل دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. ئادەتتە كېسەل كالا تۇرىدىغان قوتان ۋە تۇغۇت ئۆيىنى كۈندە پاكىز تازىلاش ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىش، موزاي تۇرىدىغان قوتاننى ۋە ئوقۇرنى قەرەللىك پاكىزە يۇيۇش ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. ھەر يىلى كۈز ۋە ئەتىياز پەسلىدە تۇبېركۇليوز ۋە بروتسېللىيوز كېسەللىكىگە قارىتا كارانتىن قىلىپ، كېسەللىك بايقالغان كالىلارنى ۋاقتىدا ئايرىش ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، مەلۇم تارقىلىشچان كېسەللىك كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولسا ۋاقتىدا ۋاكسىنا ئەملەش، ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. باشقا كالا فېرمىلىرىدىن كالا سېتىۋالغاندا زۆرۈر بولغان ساغلاملىق تەكشۈرۈشلىرىنى قىلىش، بولۇپمۇ كۆپىيىش سىستېما كېسەللىكلىرىنى ياخشى تەكشۈرۈش كېرەك. (02)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**50 - ماددا** ئايال تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇغۇت ئىقتىدارىدىن قالغان بولسا، ئاجراشقاندا پەرزەنتلىرىنى بېقىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، ئايالنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

**51 - ماددا** ئاياللار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۇغۇش ھوقۇقىغا ئىگە، تۇغماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە. پەرزەنت كۆرۈش يېشىدىكى ئەر - ئايال دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرمەكچى بولسا، ئالاقىدار تارماقلار بىخەتەر، ئۈنۈملۈك تۇغۇتتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى ۋە تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىشى، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان ئاياللارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. دۆلەت نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى سالامەتلىك ئاسراش، ھامىلىدارلىق، تۇغۇت مەزگىلىدە سالامەتلىك ئاسراش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، ئانا - بوۋاقلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئاياللارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇشى كېرەك.

**52 - ماددا** قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللار ئالاقىدار تارماقنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ياكى كېسىم ئاپپاراتىنىڭ كېسىم قىلىشىنى قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىشقا ۋە ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بولۇپ قانۇن ياردىمىگە ياكى ئەدلىيىلىك قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق ئاياللارغا شۇ جايدىكى قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ياردەم بېرىشى، قانۇن بويىچە قانۇن ياردىمى بېرىشى ياكى ئەدلىيىلىك قۇتقۇزۇشى كېرەك.

**53 - ماددا** قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللار ئاياللار تەشكىلاتىغا ئەرز قىلسا بولىدۇ، ئاياللار تەشكىلاتى زىيانغا ئۇچرىغان ئايالنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك. ئالاقىدار تارماق ياكى ئورۇننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشقا ھوقۇقلۇق. ئالاقىدار تارماق ياكى ئورۇن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە جاۋاب بېرىشى كېرەك.(05)

# بىر قېتىم ئىشلىتىدىغان بويۇملارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن 830091)

1. بىر قېتىملىق قەغەز ئىستاكاندا ئادەتتە قىززىق قايناق سۇ ۋە چاي ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قەغەز ئىستاكاننى مەخسۇس مۇزدەك سۇ، مىنېرال سۇ ۋە مېۋە شەربىتىنى ئىچىشكە ئىشلىگەن. ئەگەر نورمال تۇرمۇشتا بۇ خىل ئىستاكاندا قايتا ـ قايتىلاپ قىززىق چاي ئىچىلسە، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا يامان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

2. بىر قېتىملىق تاماق قاچىسىنى مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا سېلىپ تاماق قىزىتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل تاماق قاچىسىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى پولىستىرىن بولغاچقا، تېمپېراتۇرا 65℃ تىن ئېشىپ كەتسە، قاچىدا راك پەيدا قىلغۇچى ماددا پەيدا بولىدىكەن. بۇ قاچىمۇ ئەمەلىيەتتە سوغۇق تاماق ۋە تەييارلانمىلارنى قاچىلاپ ئىشلىتىشكە مەخسۇس ئىشلەنگەن بىر قېتىملىق تاماق قاچىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. بىر قېتىملىق داستىخاننى قايتا ـ قايتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ خىل داستىخان ئادەتتىكى ئەھۋالدا گۇڭگۇرت دىئوكسىد قويۇپ بېرىپ ھاۋانى بۇلغايدىكەن. شۇڭا ئادەتتە ئۆيلەردە قەتئىي ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4. بىر قېتىملىق چىش چوتكىسىنىمۇ كۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بىر قېتىملىق چىش چوتكىسىنى پەقەت 1 ـ 2 قېتىم ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

5. بىر قېتىملىق تازىلىق قەغىزىنى پەقەت ئىككى كۈندە ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك ئىكەن. بولمىسا بۇ خىل قەغەزدە خىمىيەلىك سۈپەت ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، داۋاملىق ئىشلەتكەنلەرگە زىيان بولىدىكەن.

6. بىر قېتىملىق ماسكىنى پەقەت بىر قېتىم ئىشلىتىپلا تاشلىۋې-تىش كېرەك. چۈنكى بۇ خىل ماسكىنى قايتا تاقىغاندا، مىكروب توسۇش ئۈ-نۈمى يوقالغاندىن باشقا، يەنە سۈپىتى ئۆزگىرىپ، نەپەسلىنىش پەردىسىنى چىرىتىدىغان ماددىنى ھاسىل قىلىپ، زىققا كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

7. بىر قېتىملىق كالتە ئىشتاننى ئامالىنىڭ يوقىدا بىر قېتىم كېيىپلا دەرھال تاشلىۋېتىش كېرەك. چۈنكى بۇ كالتە ئىشتان ئاساسەن خىمىيەلىك تالادىن تىكىلگەن بولغاچقا ئۇزۇن ۋاقىت كىيسە، تېرە ياللۇغى ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

8. بىر قېتىملىق پايپاقنى قايتا كىيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل پايپاقنى قايتا كىيگەندە ھاۋا ئۆتۈشمىگەچكە، پۇت پۇراش ۋە تەرلەشنى پەيدا قىلىدۇ.

9. بىر قېتىملىق لۆڭگىنى ئۇزۇن ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ-نى قايتا ئىشلەتسە يېرىك بىلىنىپ، قول، يۈز، بەدەنگە بىئاراملىق پەيدا قىلىپلا قالماستىن، مىكروب يىغىپ تېرىنى زەھەرلەيدۇ

10. بىر قېتىملىق تاماق قاچىسىغا ئوخشاشلا قىزىق تاماق قاچىلاشقا ۋە ساقلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، تاماق سوۋۇغاندىن كېيىن قاچىلاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

11. ئادەتتە بىر قېتىملىق كىيىملەرنى كىيىشكە توغرا كەلسە، ۋاقىت-لىق كىيىپ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن دەرھال يۇيۇنۇپ ئۆزىنىڭ كىيىمى-نى كىيىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئومۇمەن بىر قېتىملىق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەندە، تەپسىلىي چۈشەندۈ-رۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت، قايتا ۋە ساقلاپ ئىشلىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك، بولمىسا ھەر خىل مىرەز كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. (05)



بىلىم يېزىلىت ئۆگەن، ئۇنى قەدىرلە. ئۇ يېزىلىت ئاخىرى سېنىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ










مەنزىل: قەشقەر شەھىرى ئەسىر يولى 10_نومۇر

ياتاق زاكاس قىلىش تېلېفونى : 2657000 0998_2656000

تور ئادرېسى: www.kasirhotel.com

## هر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى!




2013-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «مېھرىبان ئانىلار، ساخاۋەتچى ئاتىلار» ۋەكىللىرى قەسىر مېھمانسارىيى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى


# 农村科技

(月刊)

# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن -تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016